# مەن نېمە ئۈچۈن يازىمەن

سىياسىي تىل يالغاننى راست، قاتىللىقنى زۆرۈر ۋاستە قىلىپ كۆرسىتىشكە

ۋە بىرەر ئېقىمغا شەكىل بېرىشكە لايىھەلەنگەن

جورج ئورۋېل

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

مۇندەرىجە

مەن نېمە ئۈچۈن يازىمەن

شىر ۋە بىر مۇڭگۈزلۈك مەخلۇق

دارغا ئېسىش

سىياسەت ۋە ئىنگلىز تىلى



بەك كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا، بەلكىم بەش ياكى ئالتە يېشىمدىن باشلاپلا، چوڭ بولغاندا بىر يازغۇچى بولۇشۇم كېرەكلىكىنى بىلەتتىم. تەخمىنەن ئون يەتتە يېشىمدىن يىگىرمە تۆت يېشىمغىچە بولغان ئارىلىقتا مەن بۇ پىكىردىن ۋاز كېچىشكە ئۇرۇندۇم، ئەمما شۇنداق قىلىۋاتقان مەزگىلدىمۇ مەن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي تەبىئىتىمگە خىيانەت قىلىۋاتقانلىقىمنى، شۇنداقلا ئەتە-ئۆگۈن بىر يەردە مۇقىملىشىپ كىتاب يېزىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىمنى ئېنىق ھېس قىلاتتىم.

مەن ئۈچ بالىنىڭ ئوتتۇرانجىسى ئىدىم، ئەمما ئالدى-كەينىمدىكى قېرىنداشلىرىم بىلەن ئارىمىزدا بەش ياشتىن پەرق بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەككىز ياشقا كىرگۈچە دادامنى ئاساسەن كۆرۈپ باقمىغان بولۇپ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەن بىرئاز يالغۇز ئۆسۈپ يېتىلدىم، شۇنداقلا ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەكتەپ ھاياتىمدا باشقىلارنى بىزار قىلىدىغان ئوسال مىجەزلەرنى يېتىلدۈرۈپ قالدىم. مەندە يالغۇز بالىلارغا خاس بولغان ھېكايىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ۋە خىيالىي شەخسلەر بىلەن سۆزلىشىش ئادىتى بار ئىدى، شۇڭا ئويلاپ باقسام، كىچىكىمدىن باشلاپلا مېنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئارزۇيۇم يېتىم قېلىش ۋە قەدىرلەنمەسلىك تۇيغۇسى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئىكەن. مەن ئۆزۈمدە سۆزلەرنى قوللىنىش قابىلىيىتىم ۋە بولمىغۇر ئىشلارغا يۈزلىنەلەيدىغان بىر كۈچۈمنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم، شۇنداقلا خۇددى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مەغلۇبىيەتلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايدىغان بىر خىل شەخسىي دۇنيا ياراتقاندەك ھېس قىلاتتىم. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مېنىڭ پۈتۈن بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمدە يازغان ئەستايىدىل ( يەنى نىيىتى ئەستايىدىل بولغان) يازمىلىرىمنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئالتە بەتكىمۇ يەتمەيتتى. مەن تۇنجى شېئىرىمنى تۆت ياكى بەش يېشىمدا ئېغىزچە دېگەن بولۇپ، ئاپام ئۇنى ئاغزىمدىن ئېلىپ يېزىۋالغان ئىدى. ئۇ شېئىرنىڭ بىر يولۋاس ھەققىدە ئىكەنلىكىدىن باشقا ھېچنېمە ئېسىمدە يوق. بۇ يولۋاسنىڭ «ئورۇندۇقسىمان چىشلىرى» بار ئىدى، بۇ خېلى ياخشى بىر ئىبارە ئىدى، ئەمما مېنىڭچە بۇ شېئىر بىلېيكنىڭ «يولۋاس، يولۋاس» ناملىق شېئىرىنىڭ كۆچۈرمىسى بولسا كېرەك. مەن ئون بىر ياشقا كىرگەندە، يەنى 1914-1918-يىللىرى ئۇرۇش پارتلىغاندا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا بىر شېئىر يازغان ئىدىم، بۇ شېئىر يەرلىك گېزىتتە بېسىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن كىتچېنېرنىڭ ئۆلۈمىگە ئاتاپ يازغان يەنە بىر شېئىرىممۇ ئوخشاشلا گېزىتتە ئېلان

قىلىندى. سەل چوڭ بولغىنىمدا، جورجىيا ئۇسلۇبىدا ناچار يېزىلغان ۋە يېزىلىپ پۈتمىگەن «تەبىئەت شېئىرلىرى» نى پات-پات يېزىپ تۇردۇم. شۇنداقلا، ئىككى قېتىمدەك قىسقا ھېكايە يېزىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم، لېكىن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇب بولدۇم. ئەنە شۇلار مېنىڭ ئۇ يىللاردا قەغەزگە چۈشۈرگەن بارلىق ئەستايىدىل دېيىشكە بولىدىغان ئەسەرلىرىمنىڭ يىغىندىسى ئىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، بۇ مەزگىلدە مەن مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ئەدەبىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىدىم. ئالدى بىلەن، مەن تېز، ئاسان ۋە ئۆزۈممۇ ئانچە زوقلانمىغان ھالدا يېزىپ چىققان ۋەزىپە خاراكتېرلىك نەرسىلەر بار ئىدى. مەكتەپتىكى تاپشۇرۇقلاردىن باشقا، مەن ئالاھىدە مۇراسىملار ئۈچۈن يېزىلىدىغان يېرىم ھەجۋىي ساتىرالارنىمۇ يازاتتىم، ھازىر ئويلاپ باقسام، بۇلارنى ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە يېزىپ چىققان ئىكەنمەن. ئون تۆت يېشىمدا ئارىستوفانېسنى دوراپ، بىر ھەپتە ئىچىدە تولۇق قاپىيىلىك شېئىر يېزىپ چىققان ئىدىم. مەن يەنە مەكتەپنىڭ باسما ۋە قوليازما ژۇرناللىرىنى تەھرىرلەشكە ياردەملەشكەنمەن. بۇ ژۇرناللار سىز تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ئەڭ ئېچىنىشلىق، مەسخىرىلىك نەرسىلەر ئىدى، مەن ئۇلارغا ھازىرقى ئەڭ ئەرزان گېزىت-ژۇرنال ماقالىلىرىگىمۇ سەرپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئاز كۈچ چىقارغان ئىدىم. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئون بەش يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى، مەن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر خىل ئەدەبىي مەشىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدىم: بۇ، ئۆزۈم ھەققىدە ئۈزلۈكسىز بىر «ھېكايە» ئويدۇرۇپ چىقىش، يەنى پەقەتلا زېھنىمدە مەۋجۇت بولغان بىر خىل كۈندىلىك خاتىرە ئىدى. مېنىڭچە بۇ باللار ۋە ئۆسمۈرلەردە ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلىدىغان بىر ئادەت. كىچىك ۋاقتىمدا مەن ئۆزۈمنى روبىن ھۇدقا ئوخشاش كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان سەرگۈزەشتىلەرنىڭ قەھرىمانى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم، لېكىن مېنىڭ بۇ «ھېكايەم» ئۆزگە مەپتۇن بولىدىغان بىر ھالەتتىن ناھايىتى تېزلا قۇتۇلۇپ، پەقەت نېمە قىلىۋاتقانلىقىم ۋە كۆرگەن نەرسىلىرىمنىڭ قۇرۇق تەسۋىرىگىلا ئايلىنىپ قالدى. بىر نەچچە مىنۇتلارغىچە كاللامدا مۇنداق نەرسىلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى: «ئۇ ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ، ئۆيگە كىردى. نېپىز پەردىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن بىر دەستە سېرىق قۇياش نۇرى شىرەنىڭ ئۈستىگە قىيپاش چۈشكەن بولۇپ، ئۇ يەردە سىياھدانىنىڭ يېنىدا يېرىم ئوچۇق بىر سەرەڭگە قېپى تۇراتتى. ئۇ ئوڭ قولىنى

يانچۇقىغا سىلىپ دەرىزە تەرەپكە ماڭدى. تۆۋەندە، كوچىدا تاشپاقا قىپى رەڭگىدىكى بىر مۇشۇك ئۈچۈپ يۈرگەن غازاڭنى قوغلاۋاتاتتى» دېگەندەك. بۇ ئادەت تەخمىنەن يىگىرمە بەش يېشىمغىچە، يەنى مەن ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانمىغان يىللىرىمنىڭ ھەممىسىدە داۋاملاشتى. گەرچە مەن ئەڭ مۇۋاپىق سۆزلەرنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان ۋە ئىزدىگەن بولساممۇ، لېكىن مەن بۇ تەسۋىرلەش تىرىشچانلىقىنى خۇددى ئۆز ئىختىيارىمغا قارشى ھالدا، سىرتتىن كەلگەن بىر خىل مەجبۇرلاش ئاستىدا قىلىۋاتقاندەك قىلاتتىم. مېنىڭچە، بۇ «ھېكايە» ئوخشىمىغان ياش باسقۇچلىرىمدا مەن ھۆرمەتلەيدىغان تۈرلۈك يازغۇچىلارنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇنىڭدا ھەمىشە ئوخشاش بىر خىل ئىنچىكە تەسۋىرلەش خۇسۇسىيىتى مەۋجۇت ئىدى.

مەن تەخمىنەن ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەن ۋاقتىمدا، تۇيۇقسىز ئاددىي سۆزلەرنىڭ، يەنى سۆزلەرنىڭ ئاھاڭى ۋە ئۇلاردىن كېلىپ چىقىدىغان باغلىنىشلارنىڭ لەززىتىنى بايقاپ قالدىم. «يوقالغان جەننەت» (Paradise Lost) تىكى:

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېغىر جاپا-كۈلپەتتە،

ماڭدى ئالدىغا مىڭ تۈرلۈك مۇشەققەتتە

دېگەن مىسرالار ھازىر ماڭا ئۇنچە كارامەت بىلىنمىسىمۇ، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا ۋۇجۇدۇمنى تىكەنلەشتۈرۈپ، ھاياجانغا سالغان ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنگلىزچىدىكى «he» (ئۇ) سۆزىنىڭ «hee» دەپ يېزىلىشىمۇ ماڭا قوشۇمچە بىر خۇشاللىق بېغىشلىغانىدى. نەرسىلەرنى تەسۋىرلەش ئېھتىياجىغا كەلسەك، مەن بۇ ھەقتە ئاللىقاچان ھەممىنى بىلەتتىم. شۇڭلاشقا، ئەگەر ئۇ ۋاقىتلاردا مېنى كىتاب يېزىشنى ئويلايتتى دېيىشكە بولسا، مېنىڭ قانداق كىتابلارنى يازغۇم بارلىقى ئېنىق ئىدى. مېنىڭ يازغۇم كەلگىنى ئاخىرى پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدىغان، تەپسىلىي تەسۋىرلەر ۋە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئوخشىتىشلارغا تولغان، شۇنداقلا بەزىدە سۆزلەرنىڭ پەقەتلا ئاھاڭى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دەبدەبىلىك ئابزاسلار بىلەن تولغان غايەت زور ناتۇرالىزملىق رومانلار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ ئوتتۇز

يېشمدا يازغان، ئەمما ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا پىلانلىغان تۇنجى رومانىم «بېرما كۈنلىرى» (Burmese Days) دەل شۇنداق كىتاب ئىدى.

بۇ ئارقا كۆرۈنۈش ئۇچۇرلىرىنى بېرىشىمدىكى سەۋەب، مېنىڭچە بىر يازغۇچىنىڭ يېتىلىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ھەققىدە مەلۇم نەرسىلەرنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتىنى باھالىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ يازىدىغان تېمىسى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ (ھېچبولمىغاندا بىزنىڭكىگە ئوخشاش داۋالغۇپ تۇرغان، ئىنقىلابىي دەۋرلەردە بۇ بىر ھەقىقەت). لېكىن ئۇ تېخى يېزىشنى باشلاشتىن بۇرۇنلا قانداقتۇر قۇتۇلالمايدىغان بىر خىل ھېسسىي پوزىتسىيەنى يېتىلدۈرۈپ بولىدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، ئۆزىنىڭ مىجەزىنى كونترول قىلىش ۋە پىشىپ يېتىلمىگەن مەلۇم باسقۇچتا ياكى مەلۇم بىنورمال كەيپىياتتا توختاپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى. ئەمما ئەگەر ئۇ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەسىرلەردىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كەتسە، ئۇنداقتا ئۆزىنىڭ يېزىش ئىستىكىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولىدۇ. تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن پۇل تېپىش ئېھتىياجىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغاندا، مېنىڭچە يېزىشنىڭ، بولۇپمۇ پروزا يېزىشنىڭ تۆت چوڭ سەۋەبى بار. بۇ سەۋەبلەر ھەربىر يازغۇچىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولىدۇ، ھەمدە ھەرقانداق بىر يازغۇچىدا ئۇلارنىڭ نىسبىتى ئۇ ياشاۋاتقان مۇھىتقا ئاساسەن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ساپ شەخسىيەتچىلىك. ئەقىللىق كۆرۈنۈش، كىشىلەرنىڭ ئۆزى توغرىسىدا پاراڭلىشىشى، ئۆلگەندىن كېيىن ئەسلىنىش، بالىلىق چاغلىرىدا ئۆزىنى كەمسىتكەن چوڭلاردىن ئۆچ ئېلىش قاتارلىق ئارزۇلار. بۇنى بىر تۈرتكە ئەمەس دەپ ئۆزىنى قاچۇرۇش ئاقمايدۇ، ھالبۇكى ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك بىر تۈرتكىدۇر. يازغۇچىلار بۇ ئالاھىدىلىكنى ئالىملار، سەنئەتكارلار، سىياسەتچىلەر، ئادۋوكاتلار، ئەسكەرلەر، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەرلەر - قىسقىسى، ئىنسانىيەتنىڭ سەر خىللىرى بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ شەخسىيىتى ئۇنچىلىك كۈچلۈك ئەمەس. تەخمىنەن ئوتتۇز ياشتىن كېيىن ئۇلار شەخسىي ئارزۇ-ئارمانلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ. ھەقىقەتەن، نۇرغۇن ئەھۋاللاردا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكىنى تۇيۇش تۇيغۇسىدىنمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك ۋاز كېچىپ، ئاساسلىقى باشقىلار ئۈچۈن ياشايدۇ، ياكى پەقەتلا ئېغىر ۋە

زېرىكىشلىك ئەمگەك ئاستىدا تۇنجۇقۇپ قالىدۇ. ئەمما يەنە ئۆز ھاياتىنى ئاخىرىغىچە ئۆز ئالدىغا ياشاشقا بەل باغلىغان تالانتلىق، ئىرادىسى كۈچلۈك ئاز سانلىق كىشىلەرمۇ بار، يازغۇچىلار ئەنە شۇ قاتلامغا تەۋە. شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، ئەستايىدىل يازغۇچىلار مۇخبىرلارغا قارىغاندا پۇلغا ئازراق قىزىقىسمۇ، لېكىن تېخىمۇ شۆھرەتپەرەس ۋە ئۆز-ئۆزىنى مەركەز قىلغان بولىدۇ.

2. ئېستېتىك قىزغىنلىق. تاشقى دۇنيادىكى گۈزەللىكنى ھېس قىلىش، ياكى يەنە بىر جەھەتتىن، سۆزلەردىكى ۋە ئۇلارنىڭ توغرا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى گۈزەللىكنى بىلىش. بىر ئاۋازنىڭ يەنە بىر ئاۋازغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىدىن، ياخشى نەسرىنىڭ پۇختا قۇرۇلمىسىدىن ياكى ياخشى بىر ھېكايىنىڭ رىتىمىدىن ھۇزۇرلىنىش. ئۆزى قىممەتلىك دەپ قارىغان ۋە قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدىغان بىر تەجرىبىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئىستىكى. ئېستېتىك تۈرتكە نۇرغۇن يازغۇچىلاردا ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ، ئەمما ھەتتا تەشۋىقات ۋەرەقىسى يازغۇچىسى ياكى دەرسلىك كىتاب يازغۇچىسىنىڭمۇ ئەمەلىيەتچىل بولمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىگە ياقىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان سۆز-ئىبارىلىرى بولىدۇ؛ ياكى ئۇ مەتبەئە نۇسخىسى، ئىزاھات كەڭلىكى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك ھېسسىياتتا بولۇشى مۇمكىن. تۆمۈر يول كۆرسەتمىسى سەۋىيەسىدىن يۇقىرى بولغان ھەرقانداق بىر كىتاب ئېستېتىك ئويلىنىشلاردىن خالىي بولالمايدۇ.

3. تارىخىي ئىستەك. ئىشلارنى ئۆز پېتى كۆرۈش، ھەقىقىي پاكىتلارنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇلارنى كېيىنكىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ساقلاپ قېلىش ئارزۇسى.

4. سىياسىي مەقسەت. «سىياسىي» دېگەن سۆزنى ئەڭ كەڭ مەنىدە قوللانغاندا دۇنيانى مەلۇم بىر يۆنىلىشكە ئىتتىرىش، باشقىلارنىڭ ئۆزلىرى قايسى خىل جەمئىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسى. يەنە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ھېچقانداق كىتاب سىياسىي تەرەپبازلىقتىن ھەقىقىي تۈردە خالىي بولالمايدۇ. سەنئەتنىڭ سىياسەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولماسلىقى كېرەك، دېگەن قاراشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل سىياسىي پوزىتسىيەدۇر.

بۇ خىل ئوخشىمىغان تۈرتكىلەرنىڭ ئۆزئارا قانداق توقۇنۇشىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئادەمدىن ئادەمگە ۋە ۋاقىتتىن ۋاقىتقا ھەقلىق رەۋىشتە قانداق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تەبىئىتىمدىن ئېيتقاندا ( «تەبىئەت» نى سىز تۇنجى قېتىم قۇرامىغا يەتكەندە بارلىققا كەلگەن ھالەت دەپ چۈشەنسەڭ ) مەن دەسلەپكى ئۈچ تۈرتكە تۆتىنچىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر ئادەممەن. تىنچلىق دەۋرىدە مەن بەلكىم دەبدەبىلىك ياكى پەقەتلا تەسۋىرىي كىتابلارنى يازغان، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ سىياسىي ساداقىتىمنى بىلمەي دېگۈدەك ئۆتكەن بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئەمەلىي ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، مەن بىر خىل تەشۋىقات ۋەرەقىسى يازغۇچىسى بولۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئالدى بىلەن مەن ماڭا ماس كەلمەيدىغان بىر كەسىپتە (بىرمىدىكى ھىندىستان ئىمپېرىيە ساقچى ئىدارىسىدە) بەش يىل ۋاقتىمنى ئۆتكۈزدۈم، ئاندىن كېيىن نامراتلىق ۋە مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىنى باشتىن كەچۈردۈم. بۇ مېنىڭ ھوقۇقدارلارغا بولغان تەبىئىي نەپرىتىمنى ئاشۇردى ۋە مېنى تۇنجى قېتىم ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تولۇق تونۇپ يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا بىرمىدىكى خىزمىتىم ماڭا ئىمپېرىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىلەرنى بەرگەن بولدى: ئەمما بۇ كەچۈرمىشلەر ماڭا توغرا بولغان بىر سىياسىي يۆنىلىش بېرىشكە يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئاندىن كېيىن گىتلېر، ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى قاتارلىقلار مەيدانغا كەلدى. 1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىمۇ مەن تېخى قەتئىي بىر قارارغا كېلەلمىگەن ئىدىم. ئەينى چاغدا ئۆزەمنىڭ قېيىن ئەھۋالىمنى ئىپادىلەپ يازغان كىچىككىنە بىر شېئىرىم ئېسىمدە:

ئىككى يۈز يىل بۇرۇن ياشىغان بولسام،
بەختلىك بىر پوپ بولاتتىم بەلكىم.
ياڭاقلىرىمنىڭ يوغانلىغانلىقىنى كۆزەتكەچ
مەڭگۈلۈك قىيامەت توغرىسىدا ۋەز ئېيتىپ.

ئەپسۇس، رەزىل بىر زاماندا تۇغۇلۇپ قېلىپ،
قۇرۇق قالدىم ئۇ ئازادە پاناھگاھتىن.

كالپۇكۇمنىڭ ئۈستىگە بۇرۇت چىقتى،
ئەمما روھانىيلار ئادا بولدى ساقال-بۇرۇتتىن.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلارمۇ ياخشى ئىدى،
بىز شۇنچە ئاسان رازى بولاتتۇق،
دەل-دەرەخلەرنىڭ قوينىدا،
جەڭگىۋار خىياللىرىمىزنى ئۇخلىتاتتۇق.

ھەممىمىز نادانلارچە جۈرئەت قىلاتتۇق
بىز ھازىر يوشۇرۇۋاتقان شادلىققا ئىگە بولۇشقا.
ئالما شاخلىرىدىكى يېشىل قۇشقاچمۇ
قادىر ئىدى دۈشمەنلىرىمنى لەرزىگە سېلىشقا.

ئەمما قىزلارنىڭ قورسىقى ۋە ئۆرۈكلەر،
سايىدا ئاققان ئېرىقتىكى لاقا بېلىقلار،
ئاتلار ۋە سەھەردە ئۇچۇۋاتقان غازلار،
بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈش-خىياللار.

ئۇ چۈشلەرنى قايتا كۆرۈشكە بولمايدۇ،
مېيىپ قىلىمىز ياكى يوشۇرىمىز شادلىقىمىزنى.
ئاتلار خىروم پولاتتىن ياسالغان

ۋىجىك، ئورۇق ئادەملەر مىنىدۇ ئۇلارنى.

مەن ھەرگىز ئۆرۈلمىگەن قۇرت،
ھەرەمخانىسى يوق ئاغۋات.
روھانىي بىلەن كومىسسارنىڭ ئارىسىدا
يۇجىن ئارام[1] دەك مېڭىۋاتىمەن.

رادىئو ئاڭلىتىش بەرگەن ۋاقىتتا،
كومىسسار مېنىڭ بەختىم توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ.

---

[1] يوجىن ئارام (Eugene Aram) 1704 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1759 ـ يىلى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئەنگلىيەلىك ئوقۇتقۇچى، ئۆزلۈكىدىن يېتىشكەن تىلشۇناس ۋە تارىختا نام قازانغان قاتىل. ئۇ ئۆز دەۋرىدە ئەرەب، لاتىن، گرېك ۋە ئىبرانىي تىللىرى قاتارلىق بىر قانچە قەدىمىي ۋە زامانىۋى تىللارنى پۇختا بىلىدىغان، ئۆتكۈر ئەقىللىق ئالىم سۈپىتىدە تونۇلغان. 1745 ـ يىلى يوجىن ئارامنىڭ يوركشىر (Yorkshire) ئۆلكىسىدە ياشايدىغان دانىيال كلاردك ( Daniel Clarke) ئىسىملىك بىر دوستى غايىب بولغان. يوجىن ئارام بۇ ئىشتا گۇماندار سۈپىتىدە تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ ۋاقىتتا دەلىل ـ ئىسپات يېتەرلىك بولمىغاچقا قويۇپ بېرىلگەن. شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇ يۇرتىدىن كېتىپ، ئۇزۇن يىللار داۋامىدا ئەنگلىيەنىڭ بىر نەچچە جايىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ مۆكۈپ يۈرگەن.
1758 ـ يىلى يوركشىردىكى بىر تاغ باغرىدىن نامەلۇم ئادەمنىڭ جەستى تېپىلغان. دەسلەپتە بۇ جەسەت دانىيال كلاركقا ئائىت دەپ قارىلىپ، تەقىب قىلىش كۈچەيتىلگەن. شۇ مەزگىلدە بۇ قاتىللىق دېلوسى يوجىن ئارامنىڭ بىر شېرىكى تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىپ، جىنايەت سادىر قىلىنغان ئورۇن ۋە ئۇسۇل پاش قىلىنغان. يوجىن ئارام تۇتۇلغاندىن كېيىن، سوتتا ئۆزىنىڭ ناتىقلىقى ۋە ئەقلىي قابىلىيىتىنى كۆرسىتىپ بىر پارچە تەسىرلىك ئاقلاش سۆزى قىلغان بولسىمۇ، سوت ھەيئىتى ئۇنى ئەيىبلىك دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئۇ 1759 ـ يىلى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ دارغا ئېسىلغان.
ئۇنىڭ ھاياتى ۋە سىرلىق جىنايىتى كېيىنكى ئەسىرلەردە نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تېما بولغان. بولۇپمۇ توماس خۇد (Thomas Hood) نىڭ «يوجىن ئارامنىڭ چۈشى» ( The Dream of Eugene Aram) ناملىق داڭلىق شېئىرى ھەمدە ۋىكتور بۇلۋېر ـ لىتون ( Edward Bulwer ـ Lytton) نىڭ «يوجىن ئارام» ناملىق رومانى بۇ ۋەقەنى تېخىمۇ مەشھۇر قىلغان. — تەرجىماندىن

ئەمما روھانىي Austen 7 [2] ۋەدە قىلدى،

چۈنكى دۇگگى ھەمىشە پۇل تۆلەيدۇ[3].

مەن مەرمەر زاللاردا ياشاپ چۈش كۆردۈم،

---

[2] Austin Seven 1922 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلغىچە ئەنگلىيەنىڭ ئوستىن (Austin) ئاپتوموبىل شىركىتى تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان تارىختىكى ئەڭ داڭلىق ۋە مەشھۇر كىچىك تىپتىكى ئىقتىسادىي ئاپتوموبىل .بۇ ئاپتوموبىل كۆپىنچە «Baby Austin» (بوۋاق ئوستىن) دەپمۇ ئاتالغان . ئامېرىكىدىكى Ford Model T ئاپتوموبىلغا ئوخشاش، Austin 7ئەنگلىيە بازارلىرىدا ئاپتوموبىلنى ئامىلاشتۇرۇشتا ئىنقىلابىي رول ئوينىغان. ئۇ دەسلەپتە قىممەت بولغان ئاپتوموبىل باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئوتتۇرا ھال كىشىلەرمۇ سېتىۋالالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن. بۇ ئاپتوموبىل 747 كۇب سانتىمېتىرلىق 4 (747 cc) سىلىندىرلىق ماتورغا ئىگە بولۇپ، تەخمىنەن 10 ئات كۈچى ھاسىل قىلالەتتى. ئۇ نىسبەتەن يەڭگىل ماشىنا (تەخمىنەن 360 كىلوگرام ئەتراپىدا) بولۇپ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىنتايىن يېقىلغۇ تېجەيدىغان ۋە باشقۇرۇشقا ئەپلىك ئىدى .بۇ ئاپتوموبىلنىڭ لايىھىسى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان داڭلىق شىركەتلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن، گېرمانىيەنىڭ مەشھۇر BMW شىركىتى تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان تۇنجى ئاپتوموبىل (BMW Dixi) دەل شۇ Austin 7 نىڭ نۇسخىسى ئىدى . شۇنداقلا ياپونىيەنىڭ Nissan شىركىتىمۇ دەسلەپكى ماشىنىلىرىنى ياساشتا بۇنىڭ لايىھىسىدىن پايدىلانغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، نۇرغۇن Austin 7 ئاپتوموبىللىرى مۇسابىقە ماشىنىلىرىغا ئۆزگەرتىپ ياسالغان .كېيىنچە كلاسسىك ئەنگلىيە ئاپتوموبىللىرىدىن ھېسابلانغان داڭلىق «Mini» ماشىنىلىرىنىڭ دەسلەپكى تارىخىمۇ ئوستىن 7 بىلەن تۇتىشىدۇ .
ــ تەرجىماندىن

[3] بۇ مىسرادىكى «Duggie» (دۇگگى) ئەنگلىيە تارىخىدىكى داڭلىق قىمارخانا خوجايىنى داگلاس ستىۋارت (Douglas Stuart) ، ئەينى ۋاقىتتا « .Douglas Stuart Ltd» دەپ ئاتالغان پۇل تىكىش شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى لەقىمى ئىدى. 20ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەنگلىيەدە نۇرغۇنلىغان قىمارخانا ۋە پۇل تىكىش ئورۇنلىرى پۇلنى ۋاقتىدا بەرمەيدىغان ياكى ئالدامچىلىق قىلىدىغان بولسىمۇ، «Duggie»شىركىتى ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان ئۇسۇل قوللىنىپ، قىماردا ئۇتقانلارنىڭ پۇلىنى ھەمىشە دەل ۋاقتىدا ۋە ئىشەنچلىك تارقىتىپ بېرىدىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە تونۇلغان .شۇڭا خەلق ئارىسىدا «چۈنكى دۇگگى ھەمىشە پۇل تۆلەيدۇ» (For Duggie always pays) دېگەن بۇ گەپ داڭلىق ئىبارىگە ئايلانغان. شېئىردا جورج ئورۋېل جەمئىيەتتىكى بېسىم، سىياسىي تۈزۈملەر، پراۋسلاۋىيە روھانىيلىرى ۋە كوممۇنىستلار/كومىسسارلار ئارىسىدىكى ۋەزىيەت قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەپ، ئاددىي ئادەملەرنىڭ ماددىي ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى ۋە ئۈمىدلىرىنى ھەجۋى قىلىدۇ. «بىر روھانى ماڭا بىر ئوستىن 7 ئاپتوموبىلى ۋەدە قىلدى، چۈنكى دۇگگى ھەمىشە پۇل تۆلەيدۇ» دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىق ئىچىدىمۇ قىمار ياكى كىچىككىنە ئۈمىدلەرگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى، دۇگگىدەك ئىشەنچلىك «ۋەدىلەر»گە تايىنىدىغانلىقىنى سىمۋوللۇق يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرگەن . ــ تەرجىماندىن

ۋە ئويغىنىپ بۇنىڭ راستلىقىنى كۆرۈپ يەتتىم؛

مەن بۇنداق بىر زامان ئۈچۈن تۇغۇلمىغان ئىدىم؛

سىمىت تۇغۇلغانمىدى؟ جونسۇنچۇ؟ سىزچۇ؟

1936 ـ 1937 ـ يىللىرىدىكى ئىسپانىيە ئۇرۇشى ۋە باشقا ۋەقەلەر ۋەزىيەت تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆز مەيدانىمنىڭ نەدىلىكىنى بىلدىم. 1936 ـ يىلدىن بۇيان مەن يازغان ھەربىر ئەستايىدىل ئەسەرنىڭ قۇرلىرى مەيلى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك بولسۇن، كوممۇنىزمغا قارشى ۋە ئۆزەم چۈشەنگەن دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يېزىلدى. بىزنىڭكىگە ئوخشاش بىر دەۋردە، ئادەم مۇشۇنداق تېمىلاردا يېزىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ ئويلاش ئەخمەقلىقتۇر. ھەممە ئادەم بۇلارنى قايسىدۇر بىر شەكىلدە يازىدۇ. بۇ پەقەت شۇ ئادەمنىڭ قايسى تەرەپنى تاللىشى ۋە قانداق يۆنىلىشكە ئەگىشىشى مەسىلىسىدۇر.

كىشى ئۆزىنىڭ سىياسىي تەرەپبازلىقىنى قانچە كۆپ ئېتىراپ قىلسا، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ۋە ئەقلىي پۈتۈنلۈكىنى قۇربان قىلماستىن سىياسىي ھەرىكەت قىلىش پۇرسىتىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

ئۆتكەن ئون يىل مابەينىدە ئەڭ كۆپ قىلغۇم كەلگىنى سىياسىي خاراكتېرلىك يازمىلارنى بىر سەنئەتكە ئايلاندۇرۇش بولدى. مېنىڭ باشلىنىش نۇقتام ھەمىشە بىر مەيدانى بولۇش تۇيغۇسى ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى ھېسسىياتتۇر. مەن بىر كىتاب يېزىش ئۈچۈن ئولتۇرغىنىمدا، ئۆزۈمگە «مەن بىر سەنئەت ئەسەرى يازماقچىمەن» دېمەيمەن. مەن ئۇ ئەسەرنى ئۆزەم ئاشكارىلىماقچى بولغان بەزى يالغانچىلىقلار، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى بولغان بەزى پاكىتلار بولغاچقىلا يازىمەن، مەن ئەڭ باشتا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش ئوقۇرمەنلەرگە ئېرىششتۇر. لېكىن مەندە بىرەر ئېستېتىك تەجرىبە بولمىغان بولسا، كىتاب يېزىش توگۇل، ئۇزۇن بىر ژۇرنال ماقالىسى يېزىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئورۇندىيالمايتتىم. مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى خالىغان ھەرقانداق ئادەم شۇنى كۆرۈۋالالايدۇكى، ئۇلار ھەتتا بىۋاسىتە تەشۋىقات بولغان تەقدىردىمۇ،

سىياسەتچىلەر ئەھمىيەتسىز دەپ قارايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن بالىلىق چاغلىرىمدا شەكىللەندۇرگەن دۇنيا قارىشىمدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە قادىر ئەمەسمەن. ئۇنداق قىلىشنىمۇ خالىمايمەن. ھايات ۋە ساغلام تۇرسام، پروزا ئۇسلۇبىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ھېسسىياتتا بولۇشنى، بۇ زېمىندا ياشاۋاتقانلارنى سۆيۈشنى، شۇنداقلا قاتتىق جىسىملار ۋە پايدىسىز ئۇچۇرلارنىڭ پارچىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشنى داۋاملاشتۇرىمەن. بۇ تەرىپىمنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنۇشۇم بىھۇدىلىك. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، تەبىئىتىمگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن، ياقتۇرىدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان تەرەپلىرىمنى بۇ دەۋر بەلگىلەۋاتقان ئومۇمىي ۋەزىيەت بىلەن ماسلاشتۇرۇشتۇر.

بۇ ئاسان ئەمەس. ئۇ قۇرۇلما ۋە تىل مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنداقلا ھەقىقەتكە بولغان ساداقەت مەسىلىسىنى يېڭى بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. مەيدانغا كېلىدىغان تېخىمۇ ئاددىي تېپتىكى قىيىنچىلىقلارغا بىر مىساللا كۆرسىتەي. مېنىڭ ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى توغرىسىدا يازغان «كاتالوگىيەگە ئېھتىرام» (Homage to Catalonia) ناملىق كىتابىم سىياسىي بىر كىتاب، ئەمما ئۇ مەلۇم دەرىجىدىكى تەمكىنلىك ۋە شەكىلگە بولغان ھۆرمەت ئاساسىدا يېزىلغان. مەن بۇ كىتابتا ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىي تۇيغۇلىرىمغا دەخلى قىلمىغەن ھالدا ھەقىقەتنى تولۇق سۆزلەپ بېرىشكە تىرىشقان ئىدىم. لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە باشقا ئىشلار قاتارىدا يەنە گېزىتتىن ئېلىنغان نەقىللەر ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر كۆپ. فرانكو بىلەن تىل بىرىكتۈردى دەپ ئەيىبلەنگەن تروتسكىچىلارنى ئاقلايدىغان ئۇزۇن بىر ئابزاس بار. شۈبھىسىزكى، بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرنىمۇ قىزىقتۇرالماس بولۇپ قالىدىغان بۇنداق بىر ئابزاس ئۇ كىتابنى ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن. مەن ھۆرمەت قىلىدىغان بىر تەنقىدچى بۇ توغرۇلۇق مېنى قىسماققا ئېلىپ: «نېمىشقا بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كىرگۈزدىڭىز؟ ياخشى كىتاب بولغۇدەك نەرسىنى خەۋەر سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇپسىز.» دېدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى، ئەمما مەن باشقىچە قىلالمايتتىم. مەن ئەنگلىيەدىكى ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىلىشىگە يول قويۇلغان بىر ھەقىقەتنى، يەنى بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئاساسسىز ھالدا ئەيىبلىنىۋاتقانلىقىنى تاسادىپىي بىلىپ قالغان ئىدىم. ئەگەر مەن بۇ ئىشقا غەزەبلەنمىگەن بولسام، بۇ كىتابنى ھەرگىز يازمىغان بولاتتىم.

بۇ مەسىلە ئوخشىمىغان شەكىللەردە قايتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تىل مەسىلىسى تېخىمۇ نازۇك بولۇپ، ئۇنى جايىدا ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. مەن كېيىنكى يىللاردا تېخىمۇ تەپسىلىي ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ئېنىق يېزىشقا تىرىشتىم ديەلەيمەن. قانداقلا بولمىسۇن، سىز ھەر قانداق يېزىش ئۇسلۇبىنى مۇكەممەللەشتۈرگەنگە قەدەر، ئۇنىڭدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنلىكىڭىزنى بايقايسىز. «ھايۋانلار قورۇقى» (Animal Farm) ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى تولۇق بىلگەن ھالدا، سىياسىي مەقسەت بىلەن سەنئەت مەقسىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان تۇنجى كىتابىم ئىدى. مەن يەتتە يىلدىن بۇيان رومان يازمىدىم، ئەمما يېقىن كەلگۈسىدە يەنە بىر رومان يېزىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى مۇقەررەر، ھەربىر كىتاب بىر مەغلۇبىيەتتۇر، ئەمما مەن قانداق كىتاب يېزىشنى خالايدىغانلىقىمنى مەلۇم دەرىجىدە ئېنىق بىلىمەن.

ئۆتكەندە بۇ كىتابنىڭ بىر-ئىككى بېتىگە قاراپ چىقىپ، يېزىشتىكى تۈرتكىلىرىمنى پۈتۈنلەي خەلقپەرۋەر قىلىپ كۆرسىتىپ قويغىنىمنى كۆرۈپ يەتتىم. مەن بۇنى ئاخىرقى تەسىرات سۈپىتىدە قالدۇرۇشنى خالىمايمەن. ھەممە يازغۇچى مەنمەنچى، شەخسىيەتچى ۋە تېرىككەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېزىش تۈرتكىلىرىنىڭ ئەڭ تېگىدە بىر سىر ياتىدۇ. كىتاب يېزىش بەئەينى ئازابلىق بىرەر كېسەللىكنىڭ ئۇزۇن مەزگىل دەرت تارتقىنىغا ئوخشاش ئادەمنى ھېرىپ-چارچىدىغان ۋەھشىي بىر كۈرەشتۇر. ئەگەر ئۆزى قارشى تۇرۇپمۇ چۈشىنىپ بولالمىغان بىرەر جىن تەرىپىدىن ئالدىغا سېلىپ ھەيدەلمىسە، ھېچقانداق ئادەم مۇنداق ئىشقا ئالدىراپ ئۆزىنى ئۇرمايدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ جىننىڭ بەلكىم بوۋاقنىڭ دىققەت تارتىش ئۈچۈن ۋارقىرايدىغان تۇغما ئىستىكى بىلەن ئوخشاش بىر نەرسە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئادەم ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلمىسا، ئوقۇغىلى بولىدىغان ھېچقانداق نەرسە يازالمايدىغانلىقىمۇ بىر ھەقىقەت. ياخشى پروزا ئەسىرى ئەينەك دېرىزىگە ئوخشايدۇ. مېنىڭ قايسى تۈرتكىلىرىمنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتالمايمەن، ئەمما ئۇلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەگىشىشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا نەزەر سېلىپ، سىياسىي

مەقسەتتىن مەھرۇم قالغان يەرلىرىمىنىڭ ھەممىسىدە جانسىز كىتابلارنى يازغانلىقىمنى، ئەسەرنى دەبدەبىلىك ئابزاسلار، مەنىسىز جۈملىلەر، ئارتۇقچە سۈپەتلەر، بىمەنە سەپسەتىلەرگە تارتقۇزۇپ قويغانلىقىمنى كۆرۈۋاتىمەن.

# شىر ۋە بىر مۈڭگۈزلۈك مەخلۇق [4]: سوتسىيالىزم ۋە ئىنگلىزلارنىڭ تالانت ـ ئىقتىدارى

## بىرىنچى قىسىم: ئەنگلىيە، سىنىڭ ئەنگلىيەڭ

### 1

مەن بۇ كىتابنى يازاي دەپ ئولتۇرغان پەيتتە، ئىنتايىن مەدەنىيلەشكەن ئىنسانلار ھاۋادىن بومبا تاشلاپ، مېنى ئۆلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ مەندە شەخس سۈپىتىدە ھېچقانداق ئاداۋىتى يوق، مېنىڭمۇ ئۇلاردا ئۆچۈم يوق. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار «پەقەت ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاۋاتىدۇ». مەنچە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆيىدە ئادەم ئۆلتۈرۈشنى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمايدىغان، كۆڭلى تۈز، قانۇن ـ تۈزۈمگە رىئايە قىلىدىغان ياخشى ئادەملەر. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى دەل جايىغا چۈشكەن بومبا بىلەن مېنى پارە ـ پارە قىلىۋەتسە، كارى يوق ئۇخلاۋېرىدۇ. ئۇلار ئۆزىگە يامانلىقتىن قۇتۇلۇش ھوقۇقىنى بېرەلەيدىغان دۆلەتكە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

---

[4] «The Lion and the Unicorn» (شىر ۋە بىر مۈڭگۈزلۈك مەخلۇق) ئەنگلىيەنىڭ خانلىق گېربى ۋە تارىخىي فولكلورىدىكى ئەڭ مۇھىم سىمۋوللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسلىقى بۈيۈك بىرىتانىيە پادىشاھلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. گېربتىكى شىر ئەنگلىيەنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سىمۋولى (خانلىق كۈچى ۋە باتۇرلۇقنى بىلدۈرىدۇ) بولۇپ، 12 ـ ئەسىردىن باشلاپ رىچارد I (شىر يۈرەك رىچارد) دەۋرىدىن تارتىپ قوللىنىلىپ كەلگەن. ئاتىسمان بىر مۈڭگۈزلۈك مەخلۇق (Unicorn) بولسا تارىختا شوتلاندىيەنىڭ خانلىق سىمۋولى بولۇپ، پاكلىق، كۈچ ۋە ئەركىنلىكنىڭ بەلگىسى ئىدى. 1603 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن شوتلاندىيە پادىشاھلىقى بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن جېيمىس I دەۋرىدە، بۇ ئىككى جانۋار بىرلىكتە ئەنگلىيە خانلىق گېربىنى قوغدىغۇچى سىمۋول (Supporters) سۈپىتىدە ئورتاق قوللىنىلىشقا باشلىغان. بۇ ئىبارە «The Lion and the Unicorn: Socialism and the English Genius»جورج ئورۋېلنىڭ 1941 ـ يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە يازغان داڭلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك كىتابىنىڭ نامىدۇر . جورج ئورۋېل بۇ كىتابتا ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى، ئەنگلىيەچە سوتسىيالىزمنى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى شىر بىلەن بىر مۈڭگۈزلۈك مەخلۇق ئارقىلىق سىمۋوللۇق رەۋىشتە چۈشەندۈرگەن.

:

ئەگەر ئادەم ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دۆلەتكە سادىق بولۇشنىڭ غايەت زور كۈچىنى ئېتىراپ قىلمىسا، ھازىرقى زامانىنى ئۆز پېتى كۆرەلمەيدۇ. بەزى شارائىتلاردا بۇ كۈچ سۇسلىشىشى مۇمكىن، مەدەنىيەتنىڭ بەزى دەرىجىلىرىدە ئۇ مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن مۇسبەت بىر كۈچ سۈپىتىدە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. خىرىستىيان دىنى ۋە خەلقئارا سوتسىيالىزم ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە يارىمىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىزدۇر. گىتلېر ۋە مۇسسولىنى ئۆز دۆلەتلىرىدە ھوقۇققا ئېرىشكەن بولسا، بۇ ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ بۇ پاكىتنى چۈشەنگەنلىكى، رەقىبلىرىنىڭ بولسا چۈشىنەلمىگەنلىكىدىندۇر.

شۇنداقلا، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈشلەردە روشەن پەرقلەر بار. بارلىق ئىنسانلار ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ دېگەن قاراش يېقىنقى مەزگىلگىچە توغرا دەپ قارىلاتتى، لېكىن كۆزى بار ھەرقانداق ئادەم ئەسلىدە ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ھەرىكەت قېلىپىنىڭ دۆلەتتىن دۆلەتكە قاراپ غايەت زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىر دۆلەتتە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئىشلار باشقا بىر دۆلەتتە يۈز بەرمەيدۇ. مەسىلەن، گىتلېرنىڭ 6-ئايدىكى تازىلاش ھەرىكىتى ئەنگلىيەدە يۈز بەرمەيتتى. غەربىلىكلەر ئىچىدە ئىنگلىزلار ئىنتايىن كۈچلۈك پەرقلىنىدىغان خەلق ھېسابلىنىدۇ. چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى مىللىي تۇرمۇش ئادىتىمىزدىن يىرگىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال بىزنى مەلۇم جەھەتتىن ئاستىرتتىن ئېتىراپ قىلغانلىقا ئوخشاشتۇر. ئاز ساندىكى ياۋروپالىقلارلا ئەنگلىيەدە ياشاشقا چىداشلىق بېرەلەيدۇ، ھەتتا ئامېرىكىلىقلارمۇ كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ياۋروپادا ئۆزىنى تېخىمۇ ئەركىن ھېس قىلىدۇ.

ھەر قانداق دۆلەتتىن ئەنگلىيەگە قايتىپ كەلگىنىڭىزدە، دەرھال باشقىچە بىر ھاۋادىن نەپەس ئېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىسىز. ھەتتا دەسلەپكى بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا، نەچچە ئونلىغان كىچىك ئىشلار بىرلىشىپ سىزگە بۇ تۇيغۇنى بېغىشلايدۇ. پىۋا ئاچچىقراق، پۇللار ئېغىرراق، ئوت-چۆپلەر يېشىلراق، ئېلانلار تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. چوڭ شەھەرلەردىكى كىشىلەر توپى ئۆزىنىڭ تاتىراڭغۇ، تومپايغان چىرايلىرى، ناچار چىشلىرى ۋە مۇلايىم مىجەزلىرى بىلەن ياۋروپادىكى خەلقتىن پەرقلىنىدۇ. ئاندىن ئەنگلىيەنىڭ كەڭ قورساقلىقى سىزنى ئۆز ئىچىگە ئېلىۋالىدۇ، سىز بىر مەزگىل پۈتۈن مىللەتنىڭ بىرلا ئۆزگىچە خاراكتېرى بار دېگەن تۇيغۇڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز. راستتىنلا مىللەت دېگەن نەرسە بارمۇ؟ بىز 46

مىليون شەخس ئەمەسمۇ، ھەممىمىز ئوخشىمامدۇق؟ ئۇنىڭ كۆپ خىللىقى، قالايمىقانچىلىقىنى دېمەيسىز! سانائەت شەھەرلىرىدىكى ياغاچ ئاياغلارنىڭ تاقىر-تۇقۇر ساداسى، چوڭ شىمالىي يولدىكى يۈك ماشىنىلىرىنىڭ ئۈياق-بۇياققا قاتنىشى، ئىش ئورۇنلىرى سىرتىدا نۆۋەتتە تۇرغانلار، سوخو ئاشخانىلىرىدىكى[5] ئويۇن ئاپپاراتلىرىنىڭ ساداسى، كۆز سەھىرىدىكى تۇمانلار ئىچىدە مۇقەددەس غەزەپ ئۇچۇن ۋېلسىپىت مىنىدىغان قېرى قىزلار ...

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيە مەنزىرىسىنىڭ پەقەت پارچىلىرىلا بولۇپلا قالماي، يەنە تىپىك خاراكتېرگە ئىگە پارچىلىرىدۇر. ئادەم بۇ قالايمىقانچىلىقتىن قانداق قىلىپ بىر شەكىل ھاسىل قىلالايدۇ؟

لېكىن چەت ئەللىكلەر بىلەن پاراڭلاشسىڭىز، چەت ئەل كىتابلىرى ياكى گېزىتلىرىنى ئوقۇسىڭىز، يەنە ئوخشاش ئويلىنىشقا قايتىپ كېلىسىز. ھەئە، ئەنگلىيە مەدەنىيىتىدە ئۆزگىچە ۋە تونۇۋالغىلى بولىدىغان بىر نەرسە بار. ئۇ ئىسپانىيە مەدەنىيىتىدەك ئۆزگىچە بىر مەدەنىيەت. ئۇ قانداقتۇر قۇۋۋەتلىك ناشتىلار ۋە غەمكىن يەكشەنبە كۈنلىرى، ئىس-تۈتەكلىك شەھەرلەر ۋە ئايلىنىپ، ئەگىپ ماڭىدىغان يوللار، يېشىل ئوتلاق ۋە قىزىل پوچتا ساندۇقلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. ئۇنىڭ ئۆزگىچە تەمى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ، كەلگۈسى ۋە ئۆتمۈشكە سوزۇلىدۇ، ئۇنىڭدا خۇددى تىرىك مەخلۇقتەك ئۆزگەرمەي داۋاملىشىدىغان بىر نەرسە بار. 1940-يىلدىكى ئەنگلىيە بىلەن 1840-يىلدىكى ئەنگلىيەنىڭ نېمىسى ئوخشايدۇ؟ ئانىڭىز ئۆي تۆۋرىكىگە مىقلاپ قويغان بەش ياش ۋاقتىڭىزدىكى سۈرىتىڭىز بىلەن ھازىرقى سىز

[5] Soho Pubs(سوخو قاۋاقخانىلىرى) — ئەنگلىيەنىڭ پايتەختى لوندون شەھىرىدىكى تارىخىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلانغان سوخو (Soho) رايونىدىكى مەشھۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى كۆرستىدۇ. سوخو رايونى ئۆزىنىڭ ئاۋات كوچىلىرى، سەنئەت، كۆڭۈل ئېچىش ۋە زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، بۇ جايدىكى رېستورانلار، قاۋاقخانىلار، مېھمانخانىلار ئەنگلىيە تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. سوخو قاۋاقخانىلىرى نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئەنگلىيەنىڭ يازغۇچىلىرى، ژۇرنالىستلىرى، سەنئەتكارلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرى يىغىلىدىغان، ئىجادىي پىكىر ئالماشتۇرىدىغان مەركەز بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن، بۇ جايدىكى بەزى قاۋاقخانىلاردا بۇرۇنقى مەشھۇر ئەدەبىياتچىلار ۋە ئاتاقلىق شەخسلەر دائىملىق مېھمان بولغان. — تەرجىماندىن

ئوخشامسىز؟ ئوخشىمايسىز، پەقەت سىزنىڭ ئاشۇ ئادەم ئىكەنلىكىڭىزلا ئۆزگەرمىگەن.

ئەمما ئەڭ مۇھىمى، ئۇ سىزنىڭ مەدەنىيىتىڭىز، ئۇ دەل سىزنىڭ ئۆزىڭىز. ئۇنى قانچىلىك ئۆچ كۆرۈڭ ياكى ئۇنىڭغا كۆلۈڭ، سىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ بەختلىك ياشىيالمايسىز. قوي گۆشى قىيما كاۋابلىرى ۋە قىزىل پوچتا ساندۇقلىرى روھىڭىزغا سىڭىپ كەتكەن. ياخشى بولسۇن يامان بولسۇن، ئۇ سىزنىڭكى، سىز ئۇنىڭغا تەۋە، سىز تا گۆرگە كىرگۈچە سىزگە تەۋە نەرسىلەردىن ھەرگىز قۇتۇلالمايسىز.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيە، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزگىرىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ئۇمۇ باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاشلا مەلۇم جەھەتتىلا ئۆزگىرەلەيدۇ، ئۇنى مەلۇم چەككە يەتكىچە ئالدىن پەرەز قىلىش مۇمكىن. بۇ، كەلگۈسى بەلگىلەپ قويۇلغان دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مەلۇم تاللاشلارنىڭلا مۇمكىن بولۇپ، باشقىلىرىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر ئۇرۇق ئۆسۈشى ياكى ئۆسمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن چامغۇر ئۇرۇقى ھەرگىز سەۋزىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. شۇڭلاشقا يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ۋەقەلەردە ئەنگلىيەنىڭ قانداق رول ئوينىيالايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتىن بۇرۇن، ئەنگلىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا تىرىشىش ئىنتايىن مۇھىم.

مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى ئېنىق كۆرسىتىش ئاسان ئەمەس، ئۇلار ئېنىق كۆرسىتىلگەندىمۇ، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر بولۇپ چىقىدۇ ياكى ئۆزئارا ھېچقانداق باغلىنىشى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئىسپانىيەلىكلەر ھايۋانلارغا رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىدۇ، ئىتالىيەلىكلەر ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىش قىلالمايدۇ، خىتايلار بولسا قىمارۋازلىققا ئادەتلەنگەن. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئىشلارنىڭ ئۆزىلا مۇھىم ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، ھېچقانداق ئىش سەۋەبسىز ئەمەس، ھەتتا ئىنگلىزلارنىڭ چىشلىرىنىڭ ناچار بولۇشىمۇ ئەنگلىيە تۇرمۇشىنىڭ رېئاللىقى ھەققىدە مەلۇم نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ.

ئەنگلىيە توغرىسىدا كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوبۇل قىلغان بىر قانچە ئومۇمى قاراش بار. بىرىنچىسى، ئىنگلىزلار سەنئەت جەھەتتە تالانتلىق ئەمەس. ئۇلار گېرمانلار ياكى ئىتالىيەلىكلەردەك مۇزىكا خۇمار ئەمەس، سەنئەت

رەسساملىقى ۋە ھەيكەلتاراشلىقتا  فرانسىيەدەك گۈلەپ ياشناپ باقمىغان. يەنە بىرى، ياۋروپالىقلارغا سىلىشتۇرغاندا، ئىنگلىزلار زىيالىي ئەمەس. ئۇلار ئابستراكت پىكىرلەردىن قورقىدۇ، پەلسەپە ياكى سىستېمىلىق «دۇنيا قاراش»قا ئۆزلىرىنى مۇھتاجدەك ھېس قىلمايدۇ. بۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان «ئەمەلىيەتچىل» بولغانلىقىدىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ شەھەر پىلانلاش ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۇسۇللىرىغا، ۋاقتى ئۆتكەن ۋە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدىغان ھەممە نەرسىگە، تەھلىلگە بويسۇنمايدىغان ئىملا قائىدىسىگە، شۇنداقلا ئارىفمېتىكا كىتابلىرىنى تۇزگۇچىلەرلا چۈشىنەلەيدىغان ئېغىرلىق ۋە ئۆلچەم سىستېمىسىغا ئۆچمەنلىك بىلەن يامىشىۋېلىشىغا قارىساقلا، ئۇلارنىڭ سۇپەت ۋە ئۇنۇمگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. لېكىن ئۇلاردا ئويلانمايلا ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى بار.

ئۇلارنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئىككى يۈزلىمىچىلىكى (مەسىلەن، ئىمپېرىيەگە بولغان ئىككى يۈزلىمە پوزىتسىيىسى) دەل مۇشۇنىڭ بىلەن باغلانغان. شۇنداقلا، چوڭ كرىزىس پەيتلىرىدە پۈتۈن مىللەت تۇيۇقسىز بىرلىشىپ، بىر خىل تۇيغۇدا، ئەسلىدە ھېچقاچان تۈزۈپ چىقىلمىغان، لېكىن  ھەممە ئادەم دېگۈدەك چۈشىنىدىغان بىر خىل ھەرىكەت پرىنسىپى ئاساسىدا ھەرىكەت قىلالايدۇ. گىتلېر گېرمانلار ئۈچۈن ئېيتقان «ئۇخلاپ ماڭىدىغان خەلق» دېگەن سۆز ئىنگلىزلارغا تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇخلاپ ماڭغۇچى دەپ ئاتىلىشىنىڭ ھېچقانداق ماختانغۇدەك يېرى يوق.

لېكىن بۇ يەردە ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ كۆپ تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، ئىنتايىن روشەن كۆرۈلىدىغان كىچىككىنە  ئالاھىدىلىكىنى، يەنى گۈللەرگە بولغان مۇھەببىتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ ئەنگلىيەگە چەت ئەلدىن، بولۇپمۇ جەنۇبىي ياۋروپادىن كەلگەندە دەرھال كۆزگە تاشلىنىدىغان تۇنجى ئىشلارنىڭ بىرى. بۇ ئىنگلىزلارنىڭ سەنئەتكە بولغان پەرۋاسىزلىقىغا زىت كەلمەمدۇ؟ ئۇنداقمۇ ئەمەس، چۈنكى بۇ خىل سۆيگۈ ئېستېتىك تۇيغۇسى پۈتۈنلەي يوق كىشىلەردىمۇ بار. قانداقلا بولمىسۇن، ئەنگلىيەلىكلەر ئامراق نەرسە بىز شۇنچە كۆنۈپ كەتكەچكە بايقىماي قالغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكتۇر، بۇ قىزىقىشلار ۋە بوش ۋاقىت مەشغۇلاتلىرىغا بولغان ھەۋەس، ئەنگلىيە تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرىدۇر. بىز گۈل خۇمار  مىللەت بولۇپلا قالماي، يەنە ماركا يىغقۇچىلار،

كەپتەر باققۇچىلار، ھەۋەسكار ياغاچچىلار، كۈپون (ئېتىبار بېلەتى) كەسكۈچىلەر، دېرت ئوينىغۇچىلار[6] ۋە تېپىشماق ھەۋەسكارلىرى. ئاساسەن دېگۈدەك يەرلىك مەركەزلەرنى ئاساس قىلغان بۇ مىللىي مەدەنىيەت قاۋاقخانا، ئاشخانا، پۇتبول مۇسابىقىسى، ئارقا باغچا، ئوت يالقۇنى ۋە « خۇش پۇراق چاي» ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. كىشىلەر شەخسىي ئەركىنلىككە يەنىلا خۇددى 19-ئەسىردىكىدەك ئىشىنىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەركىنلىك، يەنى باشقىلارنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىش ھوقۇقى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. بۇ پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيى بولۇش، بوش ۋاقتىڭىزدا ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان ئىشنى قىلىش، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىڭىزنى يۇقىرىدىن بېكىتىپ بېرىش ئورنىغا ئۆزىڭىز تاللاش ئەركىنلىكىدۇر. ئىنگلىزلار ئەڭ ياقتۇرمايدىغان سۆزلەرنىڭ بىرى Nosey Parker[7]. ئەلۋەتتە، بۇ ساپ شەخسىي ئەركىنلىكنىڭمۇ يوقىلىۋاتقان بىر مەسىلە ئىكەنلىكى ئېنىق. باشقا بارلىق زامانىۋى كىشىلەرگە ئوخشاشلا، ئىنگلىزلارمۇ نومۇرلۇق قىلىنىش، بەلگە سېلىنىش، مەجبۇرىي سەپكە تارتىلىش ۋە «ماسلاشتۇرلۇش» جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. ئەمما ئۇلارنىڭ تەبىئىي تۈرتكىلىرىنىڭ تارتىش كۈچى باشقا تەرەپكە بولغاچقا، ئۇلارغا يۈكلەنگەن باشقۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئۇسۇللىرىمۇ شۇنىڭغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. پارتىيە مەجلىسلىرى، ياشلار ھەرىكەتلىرى، رەڭلىك مايكىلار، يەھۇدىيلارغا قارشى نەپرەت قوزغاش ياكى

[6] «Darts»(دېرت) ئەنگلىيە ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشكەن، تامغا ئېسىلغان ئايلانما نىشان تاختىسىغا كىچىك ئوقچىلارنى (darts) ئېتىپ نومۇر تالىشىپ ئوينايدىغان ئەنئەنىۋى ئويۇن ياكى تەنھەرىكەت تۈرىدۇر. بۇ تەنھەرىكەت ئەنگلىيەنىڭ ئۆزىگە خاس قاۋاقخانا مەدەنىيىتى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، بۇرۇندىنلا كىشىلەر قاۋاقلاردا كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئوينايدىغان ئاساسلىق ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. ھازىرقى زاماندا بۇ پەقەت بىر كۆڭۈل ئېچىشلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارالىق چوڭ مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان كەسپىي تەنھەرىكەت تۈرىگە ئايلانغان بولۇپ، بۇ ساھەدە دۇنيا بويىچە نۇرغۇنلىغان ماھىرلار بار.

[7] «Nosey Parker» ياكى (*Nosy Parker*) باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا، شەخسىي ھاياتىغا ياكى سىرلىرىغا ھەددىدىن زىيادە قىزىقىدىغان، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىر قانچە رىۋايەت بار. 16-ئەسىردىكى ئەنگلىيە پادىشاھى ھىنرى دەۋرىدە «Matthew Parker» (ماتىيۇ باركېر) ئىسىملىك بىر دىن تارقاتقۇچى خان جەمەتىنىڭ ئىشلىرىغا ھەددىدىن زىيادە ئارىلاشقانلىقى ۋە كۆزىتىپ يۈرىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، كىشىلەر ئۇنىڭ فامىلىسىگە «Nosey» (بۇرنىنى تىقىدىغان) دېگەن سۆزنى قوشۇپ «Nosey Parker» دەپ لەقەم قويغان.

«ئىختىيارىي» نامايىشلار يوقتۇر. گېستاپوچىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىمالىمۇ يوق.

لېكىن بارلىق جەمئىيەتلەردە ئادەتتىكى كىشىلەر مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت تەرتىپكە قارشى ياشاشقا مەجبۇر. ئەنگلىيەنىڭ ھەقىقىي ئاممىۋى مەدەنىيىتى يەر ئاستىدا، رەسمىي بولمىغان ھالدا ھەمدە ھوقۇقدارلارنىڭ ئاز-تولا سۇر-ھەيۋىسى ئاستىدا بولسىمۇ داۋاملىشىدىغان بىر نەرسە. ئەگەر ئادەتتىكى كىشىلەرگە، بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەردىكى كىشىلەرگە قارىسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئانچە دىندار ئەمەسلىكىنى كۆرىسىز. ئۇلار كاللىسى قىززىپ كەتكەن قىمارۋازلار، بەزىلىرى مائاشى تۈگىگىچە توختىماي پىۋا ئىچىدۇ، بەزەپ چاقچاقلارغا ھەۋەس قىلىدۇ ھەمدە دۇنيادىكى ئەڭ سەت تىللارنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلار ھەممە ئادەمگە دەخلى قىلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن، ئەمما ئەمەلىيەتتە ھەممە ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويىدىغان غەلىتە، ئىككى يۈزلىمچى قانۇنلارغا (لىسېنزىيە قانۇنلىرى، لاتارىيە قانۇنلىرى قاتارلىقلارغا) قارشى تۇرۇپ بۇ ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداقلا، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئېنىق دىنىي ئېتىقادى يوق، بۇ ئەھۋال ئەسىرلەردىن بۇيان شۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن. ئەنگلىيە چېركاۋلىرى ئۇلارنى ھەقىقىي كونترول قىلىپ باقمىغان، ئۇ پەقەت يەر-زېمىن خوجايىنلىرىنىڭ مۇھاپىزەت رايونى بولۇپلا قالغان ھەمدە ئايرىم دىنىي مەزھەپلەر پەقەت ئاز سانلىق كىشىلەرگىلا تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار مەسىھنىڭ ئىسمىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، خىرىستىيانلىق تۇيغۇلىرىنىڭ ئىزىنى ساقلاپ قالغان. ياۋروپانىڭ يېڭى دىنى بولغان ھوقۇققا چوقۇنۇش (بۇ، ئەنگلىيە زىيالىيلىرىنىمۇ يۇقۇملاندۇرغان) ئادەتتىكى كىشىلەرگە تەسىر قىلمىغان. ئۇلار ھوقۇق سىياسىتىگە ھەرگىز ئەگەشمىگەن. ئەگەر ئۇلار ياپونىيە ۋە ئىتالىيە گېزىتلىرىدە تەشۋىق قىلىنىدىغان «رېئالىزم»نى كۆرگەن بولسا دەھشەتكە چۈشكەن بولاتتى. ئەرزانراق تاللا بازارلىرىنىڭ دەرىزىلىرىدە كۆرۈنىدىغان رەڭلىك ھەم ھەجۋىي پوچتا كارتىلىرىدىن ئەنگلىيەنىڭ روھى ھەققىدە خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ نەرسىلەر ئەنگلىيە خەلقى ئۆزلىرىنى ئىختىيارىسىز خاتىرىلەپ ماڭغان بىر خىل كۈندىلىك خاتىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا ئۇلارنىڭ كونا ئۇسلۇبتىكى قاراشلىرى، دەرىجىگە بۆلۈنگەن سەۋىيەسىز مەنمەنلىكلىرى،

رەسۋاچىلىق بىلەن ئىككى يۈزلىمىچىلىكلىرى، ئىنتايىن مۇلايىملىقى، ھاياتقا بولغان چوڭقۇر ئەخلاقىي پوزىتسىيىسى ئەكس ئەتكەن.

ئەنگلىيە مەدەنىيىتىنىڭ مۇلايىملىقى بەلكىم ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك. ئەنگلىيە تۇپرىقىغا قەدەم باسقان ھامان بۇنى ھېس قىلىسىز. بۇ شۇنداق دۆلەتكى، ئاپتوبۇس بېتەكچىلىرى خۇشخۇي بولۇپ، ساقچىلار قورال ئېلىپ يۈرمەيدۇ. ئاق تەنلىكلەر ئولتۇراقلاشقان ھېچقانداق بىر دۆلەتتە كىشىلەرنى پىيادىلەر يولىدىن ئىتتىرىۋېتىش بۇنداق ئاسان ئەمەس. شۇنداقلا بۇ يەردە ياۋروپالىق كۆزەتكۈچىلەر تەرىپىدىن ھەمىشە «يىمىرىلىش» ياكى ئىككى يۈزلىمىچىلىك دەپ قارىلىدىغان بىر نەرسە—ئىنگلىزلارنىڭ ئۇرۇش ۋە مىلتارىزىمغا بولغان نەپرىتى مەۋجۇت. بۇ تۇيغۇ تارىختا چوڭقۇر تۇتاشقان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىشچىلار سىنىپىدىمۇ كۈچلۈك. ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن ئۇرۇشلار بۇنى لىڭشىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن يوقىتالمىغان. كەچمىش خاتىرىلىرى ئىچىدە قىزىل كىيىملىك مىلتارىستلارنىڭ كوچىلاردا ۋارقىراپ-جاقىرىشى ۋە ئاشخانا خوجايىنلىرىنىڭ ئەسكەرلەرنىڭ ئورۇنغا كىرىشىگە يول قويماسلىقى نورمال بىر ئىش ئىدى. تىنچلىق مەزگىلىدە، ھەتتا مىليون ئادەم ئىشسىز تۇرغان ئەھۋالدىمۇ، ناھىيە ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ ئالاھىدە بىر قاتلىمى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، دېھقانلار ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى پرولېتارىلار تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان كىچىك كۆلەمدىكى ئارمىيەنىڭ سەپلىرىنى تولدۇرۇش ئىنتايىن تەس. ئاممىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ھەربىي بىلىمى ياكى ئەنئەنىسى يوق، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا بولغان پوزىتسىيىسى ھەمىشە مۇداپىئە خاراكتېرلىكتۇر. ھېچقانداق سىياسەتچى ئۇلارغا زەپەر ياكى ھەربىي «شان-شەرەپ» ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ھوقۇققا كۆتۈرۈلەلمەيدۇ، ھېچقانداق نەپرەت شېئىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى جەلپ قىلىپ باقمىغان. ئاخىرقى ئۇرۇشتا ئەسكەرلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىجاد قىلغان ۋە ئېيتقان ناخشىلار ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك ئەمەس، بەلكى كۈلكىلىك ۋە مەغلۇبىيەتنى مەسخىرە قىلىدىغان تىپتا ئىدى. ئۇلار ئاتىغان بىردىنبىر دۈشمەن سېرژانت-مايور ئىدى.

ئەنگلىيەدە بارلىق ماختىنىشلار ۋە بايراق پۇلاڭلىتىشلار، «ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق قىلسۇن» دېگەندەك سۆزلەر ئاز سانلىق كىچىك گورۇپپىلار

تەرىپىدىن قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئېغىزدا دېيىلىدىغان، ھەتتا ئېنىق ھېس قىلىنىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇلار تارىخىي خاتىرىلىرىدە بىرەر جەڭ غەلىبىسىنىڭ نامىنى ساقلاپ قالمايدۇ. ئەنگلىيە ئەدەبىياتى، باشقا ئەدەبىياتلارغا ئوخشاشلا، جەڭ شېئىرلىرىغا تولغان، لېكىن ئۆزىگە خاس بىر خىل ئاممىۋى باھاغا ئېرىشكەن شېئىرلارنىڭ ھەممىسە پاجىئە ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى سۆزلەيدىغان ھېكايىلەر ئىكەنلىكى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، ترافاگار ياكى ۋاتېرلو[8] توغرىسىدا ھېچقانداق ئاممىۋى شېئىر يوق. سىر جون مورنىڭ[9] دېڭىزدىن ئۆتۈپ قېچىشتىن بۇرۇن ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئارقا سەپ جېڭى قىلغان كورۇننا بازىرىدىكى ئارمىيىسى (دەل دۇنكىركقا[10] ئوخشاش!) پارلاق

[8] ترافالگار جېڭى (1805): دېڭىز ئۇستىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ جەڭدە ئەنگلىيە خانلىق دېڭىز ئارمىيەسى (ئادمىرال نېلسون باشچىلىقىدا) فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيە بىرلەشمە ئارمىيەسىنى ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ قىلغان. بۇ جەڭ ئەنگلىيەنىڭ دېڭىزدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن ۋە ناپالېئوننىڭ ئەنگلىيەنى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى سۇغا چىلاشتۇرغان. نېلسون بۇ جەڭدە قۇربان بولغان.

ۋاتېرلو جېڭى (1815): بۈگۈنكى بېلگىيە زېمىنىدا يۈز بەرگەن بۇ قۇرۇقلۇق جېڭى. ناپالېئون بوناپارتنىڭ ھەربىي ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋە تۈپتىن مەغلۇپ بولغان جېڭى ئىدى. ئەنگلىيە، پرۇسسىيە ۋە باشقا ئىتتىپاقداش قوشۇنلار (گېنېرال ۋېللىنگتون باشچىلىقىدا) بىرلىشىپ ناپالېئون ئارمىيەسىنى تارمار قىلغان، بۇنىڭ بىلەن ناپالېئون ھاكىمىيەتتىن چۈشۈپ سانت ھېلېنا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان.

[9] سىر جون مۇر (Sir John Moore) (1761-1809) — ناپالېئون ئۇرۇشلىرى مەزگىلىدە شۆھرەت قازانغان ئەنگلىيەلىك گېنېرال. ئۇ ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ تاكتىكىلىق پىلانى ۋە مەشىق سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى رەھبەرلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇ 1808-يىلى ئىسپانىيەدىكى ئەنگلىيە قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىگە قارشى مۇھىم ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. لېكىن فىرانسىيەنىڭ سان جەھەتتىن كۆپ قوشۇنى ئالدىدا چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان.

كورونىيا جېڭى (Battle of Corunna — 1809): جون مۇر ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئىسپانىيەنىڭ كورونىيا پورتىغىچە ئامان-ئېسەن چېكىندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، 1809-يىلى 1-ئاينىڭ 16-كۈنى فىرانسىيە ئارمىيەسى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان. شۇ جەڭدە ئۇ قەھرىمانلارچە ھاياتىدىن ئايرىلغان، ئەمما ئەسكەرلىرىنىڭ دېڭىز ئارقىلىق بىخەتەر قۇتۇلۇشىغا پۇرسەت ياراتقان.

[10] «Donkirk» ئەسلى نامى فىرانسۇزچە (*Dunkerque*) فىرانسىيەنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان تارىخىي بىر پورت شەھەرنىڭ نامى. 1940-يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بېشىدا، گېرمانىيە ئارمىيەسى فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، يۈز مىڭلىغان ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە ئەسكەرلىرىنى دېڭىز ساھىلىغا قىستاپ قورشاۋغا ئالغانىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە پۇقرالىرى 800 دىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك كېمىلەر ئارقىلىق، دونكىرك قىرغىقىدىن 338 مىڭدىن ئارتۇق قورشاۋدىكى ئەسكەرنى قۇتقۇزۇپ ئەنگلىيەگە ئۆتكۈزۈۋەتكەن. بۇ ۋەقە

بىر غەلىبىدىن كۆپرەك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئىنگلىز تىلىدىكى ئەڭ ھاياجانلىق جەڭ شېئىرى خاتا يۆنىلىشلىك ھۇجۇم قىلغان بىر قىسىم كاللۋارىيە ئەترىتى ھەققىدە يېزىلغان. شۇنداقلا ئاخىرقى ئۇرۇشتىن، ئاممۋى خاتىرىدە ھەقىقىي ئورۇن ئالغان تۆت ئىسىم مونس، ئايپرېس، گاللىپولى ۋە پاسشەندائېل[11] بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرەر پاجىئەدۇر. گېرمانىيە ئارمىيىسىنى ئاخىرىدا مەغلۇپ قىلغان ئۇلۇغ جەڭلەر ئاما تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان.

ئىنگلىزلارنىڭ ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنىڭ چەت ئەللىك كۆزەتكۈچىلەرنى نارازى قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كۆز يۇمۇشىدۇر. بۇ ساپ ئىككى يۈزلىمىچىلىككە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، ئىنگلىزلار يەر شارىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىۋالغان ۋە غايەت

---

كېيىنچە دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان بولۇپ، 2017-يىلى داڭلىق رېژىسسور كرىستوفېر نولان (Christopher Nolan)تەرىپىدىن «Dunkirk» ناملىق فىلىم ئىشلەنگەن.

[11] Popular Memory are Mons, Ypres, Gallipoli and Passchendaele. «بۇلار بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك ۋە تارىختا ئەڭ چوڭ ئىز قالدۇرغان جەڭ مەيدانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئاتالغۇلار ئاساسلىقى ئەنگلىيە ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇش ۋەقەلىرىنى ئەسلەيدىغان ئورتاق مەدەنىيىتى ۋە خاتىرە سىملىرىغا ئايلانغان.

مونس - 1914 : بېلگىيە چېگراسىغا جايلاشقان بۇ شەھەردە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئەنگلىيە قوشۇنى بىلەن گېرمانىيە ئارمىيەسى تۇنجى قېتىم قاتتىق توقۇنۇشقان. بۇ جەڭ ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى كۆرسەتكەن بولسمۇ، ئاقىۋەتتە گېرمانىيەنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالالمىغان.

ئىپرېس - 1914، 1915، 1917 :(بېلگىيەدىكى بۇ شەھەر ئەتراپىدا ئۇرۇش جەريانىدا ئۈچ قېتىم قاتتىق ۋە قانلىق جەڭ بولغان. ئىپرېس جەڭلىرى تارىختا تۇنجى قېتىم خىمىيەلىك زەھەرلىك گاز (خلور گازى) ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە يۈز مىڭلىغان ئەسكەرلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقى بىلەن پاجىئەلىك ئىز قالدۇرغان.

گاللىپولى / چاناققەلئە جېڭى - 1915 :تۈركىيەنىڭ گاللىپولى يېرىم ئارىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ ھەربىي ھەرىكەتتە ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئاۋستىرالىيە-يېڭى زېلاندىيە (ANZAC) قوشۇنلىرى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىگە ھۇجۇم قىلغان. ئوسمانلى ئارمىيەسىنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن قارشى تۇرۇشى بىلەن ئىتتىپاقداشلار مەغلۇپ بولغان ۋە زور تالاپەتكە ئۇچرىغان.

پاسشەندايىل / ئىپرېسنىڭ 3-جېڭى - 1917 : بېلگىيەدە يۈز بەرگەن بۇ جەڭ ئۇرۇشتىكى ئەڭ دەھشەتلىك لاي-پاتقاق ۋە ئىنتايىن ئېغىر شارائىتتا ئېلىپ بېرىلغان. ئۈزلۈكسىز ياغقان يامغۇرلار تۈپەيلى پۈتكۈل جاي چوڭقۇر لاي-پاتقاققا ئايلىنىپ، بىر نەچچە ئاي ئىچىدە يۈز مىڭلىغان ئەسكەر ئۆلگەن.

زور دېگىز ئارمىيىسى ئارقىلىق ئۇنى قولدا تۇتۇپ تۇرغان. ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن، ئۇرۇش يامان نەرسە دەپ جار سېلىشقا قانداق جۈرئەت قىلالايدۇ؟

ئىنگلىزلارنىڭ ئۆز ئىمپېرىيىسى توغرىسىدا ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىدىغانلىقى راست. ئىشچىلار سىنىپىدا بۇ ئىككى يۈزلىمچىلىك ئىمپېرىيىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ دائىملىق ئارمىيىگە ئۆچ بولۇشى مۇكەممەل بىر ساغلام تۇيغۇدۇر. دېڭىز ئارمىيىسى ئازراق ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالىغان بىلەن، ئۆي سىياسىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان تاشقى قورالدۇر. ھەربىي دىكتاتۇرلۇقلار ھەممە يەردە مەۋجۇت، لېكىن دېڭىز ئارمىيىسى دىكتاتۇرلۇقى دېگەن نەرسە يوق. ھەممە تەبىقىدىكى ئىنگلىز خەلقى ئىچ-ئىچىدىن نەپرەتلىنىدىغان نەرسە تەكەببۇر ئوفىتسېرلار، شىلدىرلايدىغان مەخمەل پۆپۈك ۋە ئېغىر ئۆتۈكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر. گىتلېرنىڭ نامى چىقىشتىن نەچچە ئون يىل بۇرۇن، «Prussian»[12] دېگەن سۆز ئەنگلىيەدە ھازىرقى «ناتسىست» دېگەن سۆز بىلەن ئاساسەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە ئىدى. بۇ ھېسسىيات شۇنچە چوڭقۇر بولۇپ، ئۆتكەن يۈز يىلدىن بۇيان بىرىتانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى تىنچلىق مەزگىلىدە ۋەزىپىدىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ھەمىشە پۇقراۋى كىيىملەرنى كىيىپ كەلگەن.

بىر دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىغا قاراپ باھا بېرىدىغان تېز، ئەمما بىر قەدەر ئىشەنچلىك يوللاردىن بىرى ئۇنىڭ ئارمىيىسىنىڭ سەپ يۈرۈش قەدىمىدۇر. ھەربىي يۈرۈش ئەمەلىيەتتە بىر خىل مۇراسىم سەماسى، بەئەينى بىر بالېتقا ئوخشاش بولۇپ، مەلۇم بىر تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، غاز

---

[12] Prussian(پۇرسىيەلىك / پۇرسىيەگە ئائىت) — تارىختىكى كۈچلۈك ياۋروپا دۆلىتى بولغان پۇرسىيە (Prussia) خانلىقىنىڭ خەلقىگە، مەدەنىيىتىگە ياكى شۇ دەۋردىكى تارىخقا تەۋە نەرسىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدىغان سۆز.
پۇرسىيە ئاساسلىقى ھازىرقى گېرمانىيەنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسىملىرىنى، شۇنداقلا پولشا ۋە روسىيەنىڭ بەزى زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك بىر پادىشاھلىق ئىدى. ئۇ 18- ۋە 19-ئەسىرلەردە ياۋروپادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھەربىي ۋە سىياسىي كۈچلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1871-يىلى گېرمانىيەنىڭ بىرلىشىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. بۇ دۆلەت 1945-يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن رەسمىي تۈردە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.
تارىختا «**Prussian**» دېگەن سۆز كۆپىنچە قاتتىق تەنتەربىيەۋى ئىنتىزام، ھەربىي تەرتىپ-قايىدە، ۋەزىپە ئۆتەش روھى ۋە قاتتىق مەسئۇلىيەتچانلىقنى بىلدۈرىدىغان سىمۋول سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

قەدىمى[13] دۇنيادىكى ئەڭ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بومباردىمانچى ئايروپىلاندىنمۇ[14] كۆپ قورقۇنچلۇقتۇر. ئۇ پەقەت زوراۋان كۈچنىڭ بىر مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشىدۇر؛ ئۇنىڭ سۈنئىي قىياپىتى ئۇنىڭ ماھىيىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر، چۈنكى ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى «ھەئە، مەن سۈنئىي، سىز بولسىڭىز ماڭا كۈلۈشكە جۈرئەت قىلالمايسىز»، بۇ خۇددى قۇربانىغا مەسخىرىلىك قارايدىغان زوراۋاننىڭ قىلىقىدۇر. نېمىشقا ئەنگلىيەدە غاز قەدىمى ئىشلىتىلمەيدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇنداق ئىشلارنى ئارمىيەگە كىرگۈزۈشنى خالايدىغان نۇرغۇن ئوفتسېرلار بار. ئۇنىڭ ئىشلىتىلمەسلىكىدىكى سەۋەب، كوچىدىكى ئادەملەرنىڭ كۈلۈپ كېتىدىغانلىقىدۇر. بۇنداق ھەربىي كۆرگەزمە ۋە چېكىدىن ئاشقان ئىشلار خەلق ئاممىسى ئەسكەرلەرگە كۈلۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان دۆلەتلەردىلا مۇمكىن بولىدۇ. ئىتالىيەلىكلەر غاز قەدىمىنى ئىتالىيە ئېنىق ھالدا گېرمانلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن ۋاقىتتا قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۆزىمىز كۈتكەندەك، ئۇلار بۇنى گېرمانلارغىمۇ يەتكۈزەلمىگەن. ۋىشى ھۆكۈمىتى، ئەگەر ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا، قالغان فرانسىيە ئارمىيىسىگە تېخىمۇ قاتتىق سەپ تۈزۈش تەرتىپلىرىنى كىرگۈزۈشكە مەجبۇر. بىرىتانىيە ئارمىيىسىدە مانېۋىر قاتتىق ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، 18-ئەسىرنىڭ ئەسلىمىلىرىگە تولغان، ئەمما ئېنىق بىر مەنمۇنلۇق يوقتۇر، سەپ يۈرۈشى بولسا پەقەت رەسمىيلەشتۈرۈلگەن بىر مېڭىشتۇر. ئۇ شۈبھىسىزكى قىلىچ بىلەن باشقۇرۇلىدىغان، لېكىن قىلىچ ھەرگىز قىنىدىن چىقىرىلماسلىقى كېرەك بولغان بىر جەمئىيەتكە تەۋەدۇر.

شۇنداق بولسىمۇ، ئەنگلىيە مەدەنىيىتىنىڭ مۇلايىملىقى ۋەھشىيلىكلەر ۋە كونىراپ كەتكەن ئەنئەنىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. بىزنىڭ جىنايى

---

[13] Goose step غازدەك دەسسەش / غاز قەدىمى : ھەربىي سەپلەردە مېڭىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئەسكەرلەر پۇتلىرىنى پۈتۈنلەي تۈز كۆتۈرۈپ، تىزلىرىنى ئەگمەي قاتتىق ۋە تەكشى تاشلاپ مېڭىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئاساسلىقى 19- ۋە 20-ئەسىرلەردە پرۇسسىيە ۋە ناتسىستلار گېرمانىيەسىنىڭ ھەربىي پاراتلىرىدا قاتتىق ئىنتىزام ۋە قۇدرەتنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كەڭ قوللىنىلغان.

[14] Dive bomber بومباردىمانچى ئايروپىلان :(ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن ھەربىي ئايروپىلان بولۇپ، دۈشمەننىڭ نىشانىغا (مەسىلەن، كۆۋرۈك، ئۇرۇش پاراخوتى ياكى قوشۇن ئورنىغا) تېز سۈرئەتتە شۇڭغۇپ بومبا تاشلىۋېتىپ، ئارقىدىن تېزلا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغان ئايروپىلان. بۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر مىسالى گېرمانىيەنىڭ « **Junkers**» ناملىق ئايروپىلانى بولۇپ، ئۇ پەسكە چۈشكەن ۋاقىتتا چىقىرىدىغان قورقۇنچلۇق ئاۋازى بىلەنمۇ تونۇلغان .

قانۇنىمىز مۇناردىكى مىلتىقلاردەك كونا. ناتىسىت ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى سىز دەل شۇ تىپتىكى ئەنگلىيەلىك سىما — دارغا ئېسىش سوتچىسى، قەلبى 19-ئەسىرگە تۇتاشقان، ۋەھشىي ھۆكۈملەرنى چىقىرىدىغان بەزى سېمىز زوراۋانلارنى قويۇشىڭىز كېرەك. ئەنگلىيەدە كىشىلەر يەنىلا دارغا ئېسىلىدۇ ۋە توققۇز قۇيرۇقلۇق قامچا بىلەن ساۋىلىدۇ. بۇ جازالارنىڭ ھەر ئىككىسى شەھۋانىي ھەم رەھىمسىزدۇر، ئەمما خەلقتىن ھېچكىم ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ باقمىغان. كىشىلەر بۇلارنى (Dartmoor بىلەن Borstal نى)[15] خۇددى ھاۋارايىنى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ دەپ قارىلىدىغان «قانۇن» نىڭ بىر قىسمىدۇر.

بۇ يەردە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئەنگلىيەچە ئالاھىدىلىككە دۇچ كېلىمىز: ئورگانلاشتۇرۇش ۋە قانۇنچىلىققا بولغان ھۆرمەت، «قانۇن» نى دۆلەتتىن ۋە شەخستىن يۇقىرى تۇرىدىغان، ئەلۋەتتە رەھىمسىز ۋە ئەخمىقانە، لېكىن ھېچقانداق ئەھۋالدا پارىخورلۇققا سېتىلمايدىغان بىر نەرسە دەپ قاراش ئېتىقادى.

بۇ ھەرگىز قانۇننىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغانلىقىدىن ئەمەس. ھەممە ئادەم باي ئۈچۈن بىر قانۇن، نامرات ئۈچۈن باشقا بىر قانۇن بارلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن ھېچكىم بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەممە ئادەم قانۇننىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ، ئەگەر قانۇن ئادىل بولمىسا ھەممە ئادەم غەزەپلىنىدۇ، نارازى بولىدۇ. «ئۇلار مېنى تۇتۇپ كېتەلمەيدۇ؛ مەن ھېچقانداق خاتا ئىش قىلمىدىم» ياكى «ئۇلار ئۇنداق قىلالمايدۇ؛ بۇ قانۇنغا خىلاپ»

---

[15] Dartmoorدارتمور : ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبى-غەربىدىكى دېۋون (Devon) ئۆلكىسىگە جايلاشقان، كەڭ كەتكەن ئوت-چۆپلۈكى ۋە سازلىقى بىلەن داڭلىق رايون. بۇ يەر 19-ئەسىردە سېلىنغان، ئەڭ خەتەرلىك مەھبۇسلار قامىلىدىغان «Dartmoor Prison» (دارتمور تۈرمىسى) بىلەنمۇ ناھايىتى مەشھۇر.

Borstalبورستال: ئەنگلىيەدە 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ياش جىنايەتچىلەر ئۈچۈن تۈنجى قۇرۇلغان ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ئورنى. بۇ سۆز كېيىنچە ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى جازالاشتىن كۆرە، ئۇلارنى ئەمگەككە ۋە ئىنتىزامغا سېلىپ ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدىغان تۈرمىلەرنى كۆرسىتىدىغان ئومۇمىي ئاتالغۇغا ئايلانغان. سۆزنىڭ ئەسلى ئاتىكېنت ئۆلكىسىدىكى Borstal دېگەن يېزىدىن كەلگەن.

دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئەنگلىيەنىڭ كەيپىياتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. جەمئىيەتكە ئوچۇق-ئاشكارە دۈشمەن بولغانلارمۇ بۇ تۈيغۇنى باشقىلاردەكلا كۈچلۈك ھېس قىلىدۇ. بۇنى ۋىلفرىد ماكارتنېينىڭ «تاملارنىڭ ئاغزى بار» ياكى جىم فېلاننىڭ «تۈرمە سەپىرى» قاتارلىق تۈرمە كىتابلىرىدىن، ۋىجدانىي رەت قىلغۇچىلارنىڭ سوتلىرىدا يۈز بېرىدىغان تەنتەنىلىك ئەخمەقلىقلەردىن، ماركسىزمچى پروفېسسورلارنىڭ گېزىتلەرگە يوللىغان، ئاللىكىملەرنىڭ «بىرىتانىيە ئادالىتىنىڭ خاتانامىسى» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن خەتلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەممە ئادەم قانۇننىڭ ئادىل ھالدا ئىجرا قىلىنىشى مۇمكىنلىكىگە، ئىجرا قىلىنىشى كېرەكلىكىگە ۋە ئومۇمەن شۇنداق بولىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدۇ. قانۇن دېگەن نەرسە يوق، پەقەت كۈچلا بار دېگەن ھاكىممۇتلەقلىق ئىدىيەسى ھەرگىز يىلتىز تارتىپ باقمىغان. ھەتتا زىيالىيلارمۇ بۇنى پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىنلا قوبۇل قىلغان.

خىيال يېرىم ھەقىقەتكە ئايلىنالايدۇ، بىر ماسكا يۈزنىڭ ئىپادىسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. دېموكراتىيەنىڭ قانداقتۇر مۇستەبىتلىككە ئوخشاپ قېلىشى ياكى ئۇنىڭدەك ناچار بولۇشى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلارمۇ بۇ پاكىتنى ھېسابقا ئالمايدۇ. بۇنداق دەلىل-ئىسپاتلار يېرىم ناننىڭ ھېچقانداق نان يوق بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىپتىشقا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەنگلىيەدە كىشىلەر ھېچبولمىغاندا ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە ئوبيېكتىپ ھەقىقەت دېگەن نەرسىلەرگە يەنىلا ئىشىنىدۇ. ئۇلار خىيال بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ناھايىتى كۈچلۈك خىياللاردۇر. ئۇلارغا بولغان ئېتىقاد ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇلار بولغاچقا مىللىي تۇرمۇشمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن ئەتراپىڭىزغا قاراپ بېقىڭ. كاۋچۇك تاياقلار قېنى، قۇرۇق ماي قېنى؟ قىلىچ تېخى قىنىدا تۇرۇپتۇ، ئۇ شۇ يەردە تۇرغان مەزگىلدە چىرىكلىك مەلۇم بىر چەكتىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئەنگلىيەنىڭ سايلام سىستېمىسى ئاشكارا ساختىپەزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇن نەچچە خىل ئاشكارا ئۇسۇل بىلەن ئۇ پۇلدارلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ساختىلاشتۇرۇلغان. لېكىن ئاممىنىڭ ئېڭىدا چوڭقۇر بىر ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگۈچە، سايلام سىستېمىسى ۋەيران بولمايدۇ. سايلام پونكىتىغا كەلگىنىڭىزدە سىزگە قايسى تەرەپكە بېلەت تاشلاشنى ئېيتىدىغان قوراللىق ئادەملەرنى ئۇچراتمايسىز، بېلەتلەرمۇ خاتا سانالمايدۇ، ھەمدە بىۋاسىتە پارىخورلۇقمۇ يوقتۇر.

ھەتتا ئىككى يۈزلىمچىلىكنىڭ ئۆزىمۇ كۈچلۈك بىر مۇھاپىزەت ۋاستىسىدۇر. قىزىل تون ۋە ئات قىلىدىن ياسالغان يالغان چاچ كىيگەن، ئۇق دورىسى بولمىسا ئۆزىنىڭ قايسى ئەسىردە ياشاۋاتقانلىقىنى مەڭگۈ ئۆگەنمەيدىغان، لېكىن قانۇننى كىتابلارغا ئاساسەن چۈشەندۈرىدىغان ۋە ھېچقانداق ئەھۋالدا پارىخورلۇق قىلمايدىغان ھېلىقى غالجىر قېرى ئادەم ــ دارغا ئېسىش سوتچىسى ئەنگلىيەنىڭ سىمۋوللۇق شەخسلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ رېئالىزم بىلەن خىيالنىڭ، دېموكراتىيە بىلەن ئىمتىيازنىڭ، سەپسەتە بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ غەلىتە ئارىلاشمىسى، شۇنداقلا مىللەت ئۆزىنى تونۇش شەكلىدە ساقلاپ قالىدىغان نازۇك مۇرەسسە تورىنىڭ سىمۋولىدۇر.

## 3

مەن مۇشۇ ۋاقىتقىچە 45 مىليون جانغا خۇددى بىر پۈتۈن بىرلىك سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا بولىدىغاندەكلا «مىللەت»، «ئەنگلىيە»، «بىرىتانىيە» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىپ كەلدىم. لېكىن ئەنگلىيە باي ۋە نامرات دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر ئىككى مىللەتتىن بولسا بولمامدۇ؟ يىلىغا 100 مىڭ فوندستېرلىڭ كىرىم قىلىدىغانلار بىلەن ھەپتىسىگە 1 فوندستېرلىڭ كىرىم قىلىدىغانلار ئارىسىدا ئورتاق بىرەر نەرسە بار دەپ خىيال قىلىشقا جۈرئەت قىلغىلى بولامدۇ؟ ھەتتا ۋالېسلىق ۋە شوتلاندىيەلىك ئوقۇرمەنلەرمۇ مېنىڭ «بىرىتانىيە» دېگەن سۆزگە قارىغاندا «ئەنگلىيە» دېگەن سۆزنى تېخىمۇ كۆپ ئىشلەتكەنلىكىمدىن، خۇددى پۈتۈن ئاھالە لندن ۋە ئەتراپىدىكى ناھىيەلەردە ياشايدىغاندەك، شىمال ياكى غەربىنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى يوقتەك نارازى بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر ئادەم كىچىكرەك نۇقتىنى ئاۋازغا قويۇپ ئويلاپ باقسا، بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈۋالالايدۇ. بىرىتانىيەنىڭ ئاتالمىش مىللەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئىنتايىن پەرقلىق ھېس قىلىدىغانلىقى راست. مەسىلەن، بىر شوتلاندىيەلىكنى ئەنگلىيەلىك دېسىڭىز، ئۇ سىزگە رەھمەت ئېيتمايدۇ. بىزنىڭ بۇ نۇقتىدا ھېس قىلىدىغان ئىككىلىنىشىمىزنى ئاراللىرىمىزنى ئەنگلىيە، بىرىتانىيە، ئۇلۇغ بىرىتانىيە، بىرىتانىيە ئاراللىرى، بىرلەشمە پادىشاھلىق ھەمدە ئالاھىدە پەيتلەردە

ئالبئون دېگەندەك ئالتە خىل ئاتىشمىزدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەتتا ئەنگلىيەنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبى ئارىسىدىكى پەرقلەرمۇ كۆزىمىزگە ناھايىتى چوڭ كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئىككى بىرىتانىيەلىك بىر ياۋروپالىق بىلەن يۈزلەنگەن ھامان بۇ پەرقلەر يوقىلىپ كېتىدۇ. ئامېرىكىلىقتىن باشقا، ئەنگلىيەلىك بىلەن شوتلاندىيەلىكنى، ھەتتا ئەنگلىيەلىك بىلەن ئىرېلاندىيەلىكنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بىرەر چەت ئەللىككە ئۇچراش ئىنتايىن كەم كۆرۈلىدۇ. بىر فرانسىيەلىككە نىسبەتەن برېتون بىلەن ئوۋېرگنات[16] ئىنتايىن پەرقلىق مەخلۇقلاردەك كۆرۈنىدۇ، مارشېيل شېۋىسى بولسا پارىژدا كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ھەجۋىي تېمىدۇر. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بىز «فرانسىيە» ۋە «فرانسىيەلىكلەر» دەپ سۆزلەيمىز، ھەمدە فرانسىيەنى بىر پۈتۈنلۈك، يەنى بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەت دەپ تونۇيمىز، ئەمەلىيەتتە ئۇ دەل شۇنداق. بىزگىمۇ شۇنداق. سىرتتىن قارىغاندا، ھەتتا كوكنېي بىلەن يوركشىرلىقمۇ[17] كۆچلۈك بىر ئائىلە ئوخشاشلىقىغا ئىگە.

---

[16] Breton برېتون : فىرانسىيەنىڭ غەربىدىكى بىرتانى (Brittany) رايونىغا جايلاشقان يەرلىك خەلق ۋە ئۇلارنىڭ كېلت (Celtic) تىللىرى ئائىلىسىگە تەۋە بولغان ئۆزگىچە تىلى (برېتون تىلى). بۇ تىل ۋە مەدەنىيەت ئەنگلىيەنىڭ ۋالېس ۋە كورنۋال رايونلىرىدىكى قەدىمكى كېلت مىراسلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە.

Auvergnatئوۋېرگنات :(فىرانسىيەنىڭ مەركىزىدىكى ئوۋېرگىن (Auvergne) رايونىغا تەۋە يەرلىك ئاھالە ياكى شۇ رايوندا سۆزلىنىدىغان ئوكستان (Occitan) تىلىنىڭ دىيالېكتىغا تەۋە تىلى. بۇ سۆز ئادەتتە شۇ رايوننىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتى، ئۆزگىچە فۆلكلورى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى كۆرستىدۇ.

[17] The Cockneyكوكنى : لوندون شەھىرىنىڭ مەركىزىي ۋە شەرقىي قىسمىدا، بولۇپمۇ چېركاۋ قوڭغۇرىقى ئاڭلىنىدىغان دائىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلىك ئاھالە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە دىيالېكتى. كوكنىلار ئۆزىگە خاس «Rhyming slang» (قاپىيەلىك سۆزلەش ئۇسۇلى) ۋە ئۆزگىچە تەلەپپۇزى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئۇلار ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ ئەسلىي ۋە ئەنئەنىۋى لوندونلۇق ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ.

The Yorkshiremanيوركشىرلىك :(ئەنگلىيەنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆلكە بولغان يوركشىر (Yorkshire) رايونىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى. يوركشىرلىكلەر تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ تۈز كۆڭۈللۈكى، ئەمگەكچانلىقى، قەيسەرلىكى، ئۆزگىچە شىمالىي دىيالېكتى ۋە رايونغا بولغان كۈچلۈك پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن تونۇلغان.

ئورۋېل بۇ ئىككى ئاتالغۇنى بىر يەرگە قويۇش ئارقىلىق ئەنگلىيە مىللىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ۋە ئوخشىمىغان رايونلارنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن. يۇقىرىقى تېمىلاردا كۆرۈپ ئۆتكەندەك، ئەنگلىيە جەمئىيىتى پەقەت بىرلا خىل ئادەم ياكى سىنىپتىن تۈزۈلمىگەن؛ ئۇ بىر تەرەپتىن لوندوننىڭ شەھەر ئىچىدىكى ئىشچى سىنىپى (كوكنى) ۋە يەنە

مىللەتكە سىرتتىن قارىغان ۋاقىتتا، باي بىلەن نامرات ئارىسىدىكى پەرقمۇ مەلۇم دەرىجىدە كىچىكلەيدۇ. ئەنگلىيەدىكى بايلىق تەڭسىزلىكىدە ھېچقانداق گۇمان يوق. ئۇ ياۋروپادىكى ھەرقانداق دۆلەتكە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ بولۇپ، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەڭ يېقىن كوچىغا قاراپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەنگلىيە ئۈچ ياكى تۆت ئەمەس، ئاساسەن ئىككى مىللەتتۇر. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزىنى بىر پۈتۈن مىللەت دەپ ھېس قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ باشقا دۆلەت ئادەملىرىگە قارىغاندا بىر-بىرىگە تېخىمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئادەتتە سىنىپىي نەپرەتتىن كۈچلۈك، شۇنداقلا ھەر قانداق خەلقئارالىقتىن مەڭگۈ كۈچلۈكتۇر. 1920-يىلدىكى قىسقا پەيتتىن، يەنى «رۇسىيەدىن قولۇڭنى تارت» ھەرىكىتى)دىن[18] باشقا، بىرىتانىيە ئىشچىلار سىنىپى ھېچقاچان خەلقئارالىق پىكىر قىلمىغان ياكى ھەرىكەت قىلمىغان. ئۇلار ئىسپانىيەدىكى يولداشلىرىنىڭ تەدرىجىي بوغۇپ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ئىككى يېرىم يىل تاماشا قىلدى، ھەتتا بىرەر قېتىملىق ئىش تاشلاش ئارقىمۇ ئۇلارغا ياردەم بەرمىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتى (لورد ناففىلد ۋە مونتاجۇ نورمان ئەپەندىنىڭ دۆلىتى[19]) خەۋپ ئاستىدا قالغاندا، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى پۈتۈنلەي

---

بىر تەرەپتىن قەيسەر شىمالىي رايون ئاھالىلىرى (يوركشىرلىك) قاتارلىق ئوخشىمىغان ئۆزگىچە تاشقى قىياپەت ۋە خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن مەيدانغا كەلگەن.

[18] ئورۋېل بۇ يەردە ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەمەلىيەتتە خەلقئارالىق سىياسەتلەردىن كۆپرەك ئۆز دۆلەتچىلىكى (ۋەتەنپەرۋەرلىك) ۋە يەرلىك مەنپەئەتلىرىگە مايىل ئىكەنلىكىنى، تارىختا خەلقئارالىق بىر پۈتۈن مەقسەت بىلەن خەلقئارالىق ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئەھۋاللىرىنىڭ ئارانلا بىر قېتىم كۆرۈلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ .
رۇسىيەدىن قولۇڭنى تارت ھەرىكىتى: **1920**-يىلى ئەنگلىيەدىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە سولچىلار ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان سوۋېت روسىيەسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشۋاتقان ئاقلارغا ياردەم بېرىشكە قارشى بىرلىكتە نامايىش قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رۇسىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان زور كۆلەملىك سىياسىي ھەرىكىتى ئىدى. ئورۋېل ئەنە شۇ ۋەقەنى ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى خەلقئارالىق ۋەزىيەتكە ئىنكاس قايتۇرغان بىردىنبىر قىسقا پەيت سۈپىتىدە تىلغا ئالغان .
[19] Lord Nuffield ئەنگلىيەلىك داڭلىق سانائەتچى ۋە ماگنات. ئۇ **Morris Motors** ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ ئاپتوموبىل سانائىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنىڭ باشلامچىسى (ئەنگلىيەنىڭ «فورد»ى دەپمۇ قارىلىدۇ) ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ يەردە سانائەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئۆزگەردى. ئەنگلىيەنىڭ تاجاۋۇزغا ئۇچراش ئېھتىماللىقى كۆرۈنگەن پەيتتە، ئانتونىي ئېدەن رادىئو ئارقىلىق يەرلىك مۇداپىئە پىدايىلىرىنى چاقىردى. ئۇ دەسلەپكى 24 سائەت ئىچىدە 250 مىڭ، كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە بىر مىليون ئادەمگە ئېرىشتى. بۇ سانلارنى سېلىشتۇرغاندا، ئەنئەنىۋى ساداقەتنىڭ كۈچىنىڭ يېڭى ساداقەتتىن قانچە زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لېكىن ئەنگلىيەدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوخشىمىغان تەبىقىلەردە ئوخشىمىغان شەكىللەرنى ئالىدۇ، ئەمما ئۇ ھەممە تەبىقىلەرنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرىدىغان ئارغامچىدەك سوزۇلۇپ ياتىدۇ. پەقەت ياۋروپالاشقان زىيالىيلارلا بۇنىڭدىن ھەقىقىي تۈردە خالىي. ئوتتۇرا تەبىقىدىكى ئۈمىدۋارلىق يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە باققاندا تېخىمۇ كۈچلۈك. مەسىلەن، ئەرزان باھالىق مەكتەپلەر قىممەت باھالىقلىرىغا قارىغاندا ۋەتەنپەرۋەرلىك نامايىشلىرىغا تېخىمۇ مايىل، لاۋال - كۈىزلىڭ[20] تىپىدىكى ئاشكارا ساتقۇن بايلارنىڭ سانى بەلكىم ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك. ئىشچىلار سىنىپىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك چوڭقۇر، لېكىن ئۇ ئاڭسىز تۇيغۇدۇر. ئىشچى ئادەم بايراقنى كۆرگەندە يۈرىكى سەكرەپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئىنگلىزلارنىڭ ئايرىمچىلىقى ۋە چەت ئەللىكلەرگە ئۆچلۈكى بورژۇئازىيەگە قارىغاندا ئىشچىلار سىنىپىدا تېخىمۇ كۈچلۈك. ھەممە دۆلەتلەردە نامراتلار باي كارخانىچىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ مىللەتچى كېلىدۇ، لېكىن ئەنگلىيە ئىشچىلار

---

Montagu Normanمونتاجۇ نورمان **1920** ۋە **1930**- يىللاردا ئەنگلىيە بانكىسىنىڭ **(Bank of England)**باشلىقى بولغان، دۇنيادىكى مالىيە ۋە بانكا ساھەسىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن شەخس. ئۇ بۇ يەردە ئەنگلىيەنىڭ خەلقئارالىق پۇل-مال ۋە كاپىتالىزم كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئورۋېل بۇ ئىبارىنى قوللىنىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ئەنگلىيەنىڭ زاۋۇت-فابرىكىلار ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان لورد ناففىلد بىلەن پۈتكۈل دۇنيانىڭ مالىيە مەنپەئىتى ۋە پۇل تۈزۈمىنى باشقۇرىدىغان مونتاگۇ نورماننىڭ دۆلىتى ئىكەنلىكىنى، ئەمما جەمئىيەتتىكى بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشكە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

[20] Pierre Lavalپىيېر لاۋال، 1883 - 1945 :(فىرانسىيەلىك سىياسەتچى. فىرانسىيە گېرمانىيە تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، گېرمانىيەگە بويسۇنىدىغان «ۋىچى فىرانسىيە «(Vichy France)ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى بولغان. ئۇ ناتسىستلار گېرمانىيەسى بىلەن يېقىن ھەمكارلىشىپ، فىرانسىيەدىكى يەھۇدىيلارنى ناتسىستلارنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئەۋەتىشكە ياردەم بەرگەن. ئۇرۇشتىن كېيىن ۋەتەنگە خىيانەت قىلىش جىنايىتى بىلەن سوتلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان .

سىنىپىنىڭ چەت ئەللىكلەرگە بولغان نەپرىتى گەۋدىلىك. ئۇلار ھەتتا يىللارچە چەت ئەلدە ياشاشقا مەجبۇر بولغان تەقدىردىمۇ چەت ئەل تاماقلىرىغا كۆنۈشنى ياكى چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشنى رەت قىلىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىدىن چىققان ئەنگلىيەلىكنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چەت ئەل سۆزىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئاياللارغا خاس ناچار ئادەت دەپ قارايدۇ. 1914-1918-يىللىرىدىكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى ئادەتتە مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە چەت ئەللىكلەر بىلەن ئالاقىدە بولغان. ئۇنىڭ بىردىنبىر نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۇلار گېرمانلاردىن باشقا (گېرمانلارنىڭ جاسارىتىگە ھەۋەس قىلغان)، بارلىق ياۋروپالىقلارغا بولغان نەپرەتنى قايتۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار فرانسىيە تۇپرىقىدا تۆت يىل ياشىسىمۇ، ئۈزۈم ھارىقىنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغان. ئىنگلىزلارنىڭ بېكىنمىچىلىكى، يەنى چەت ئەللىكلەرنى ئۆز ئورنىدا كۆرۈشنى رەت قىلىشى ئۇلارنى پات-پات ئېغىر بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلىدىغان بىر ئەخمەقلىقتۇر. لېكىن ئۇ ئەنگلىيەنىڭ سىرلىق دۇنياسىدا ئۆز رولىنى ئوينايدۇ، بۇنى بۇزۇۋەتمەكچى بولغان زىيالىيلار ئادەتتە پايدىدىن كۆپرەك زىيان كەلتۈرگەن. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ساياھەتچىنى قاچۇرۇپ، تاجاۋۇزچىنى كۈتۈۋالىدىغان تەبىئىتىدۇر.

بۇ يەردە ئالدىنقى بابنىڭ بېشىدا مەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىنگلىزلارنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكىگە قايتىپ كېلىمىز. بىرىنچىسى، سەنئەت ئىقتىدارىنىڭ يوقلىقى. بۇ بەلكىم ئىنگلىزلارنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنىڭ باشقا بىر ئۇسۇلى بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇلاردا مول تالانت كۆرسەتكەن بىر خىل سەنئەت بار، ئۇ بولسىمۇ ئەدەبىياتتۇر. لېكىن بۇ يەنە چېگرانى ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغان بىردىنبىر سەنئەتتۇر. ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، بولۇپمۇ لىرىك شېئىرىيەت ئۆز تىل گورۇپپىسىدىن باشقا يەردە قىممىتى ئاز ياكى قىممىتى يوق بىر خىل ئائىلە چاقچىقىغا ئوخشايدۇ. شېكسپىردىن[21] باشقا، ئەڭ ياخشى ئىنگلىز شائىرلىرىمۇ ياۋروپادا نام چىقىرالمىدى. شېئىرلىرى كەڭ كۆلەمدە ئوقۇلىدىغان

²¹ۋىلىيام شېكسپىر :(William Shakespeare, 1564-1616) ئەنگلىيە ۋە دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ دراماتورگ، شائىر ۋە ئاكتيور. ئۇ ئېلىزابېت دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، «ھاملەت»، «رومېئو ۋە جۇلىتا»، «ماكبېت» قاتارلىق مەشھۇر تىياتىرلارنى ۋە نۇرغۇن سونېتلارنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي ئوبرازى، ھېسسىياتى ۋە پسىخىكىسىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندىمۇ پۈتۈن دۇنيادا تەكرار سەھنىلەشتۈرۈلمەكتە.

شائىرلاردىن پەقەت خاتا سەۋەبلەر بىلەن ھۆرمەتلىنىدىغان بايرون[22]، ئاندىن ئەنگلىيە ئىككى يۈزلىمىچىلىكىنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە رەھىم قىلىنغان ئوسكار ۋايلدتۇر[23]. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزلارنىڭ (گەرچە بەك روشەن بولمىسىمۇ) پەلسەپە ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقى، دائىم دېگۈدەك قوللىنىدىغان تەپەككۇر سىستېمىسىغا، ھەتتا لوگىكىنى ئىشلىتىشكە ھېچقانداق ئېھتىياجىنىڭ يوقلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مەلۇم نۇقتىغا يەتكەندە، مىللىي بىرلىك تۇيغۇسى «دۇنيا قارىشى» نىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. ئەمما ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەممىگە ئورتاق بولغاچقا ۋە بايلارمۇ بۇنىڭدىن چەتتە قالمىغاچقا، پۈتۈن مىللەت بۆرە ئالدىدا تۇرغان بىر توپ قويدەك تۇيۇقسىز بىر ئىشنى قىلىدۇ. فرانسىيەدىكى پاجىئە مەزگىلىدە، مۇنازىرە قىلىشقا بولمايدىغان دەرىجىدە شۇنداق بىر پەيت يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇرۇشنىڭ نېمە ئۈچۈن بولغانلىقىنى سەككىز ئايدەك ئاڭقىرالماي كەلگەن خەلق تۇيۇقسىز نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدى: بىرىنچىدىن، ئارمىيەنى دۈنكىركدىن ئېلىپ چىقىش، ئىككىنچىدىن، تاجاۋۇزنىڭ ئالدىنى ئېلىش. بۇ غايەت زور بىر جانلىقنىڭ ئويغانغىنىغا ئوخشايتتى. تېز بول! خەتەرلىك! پەلەستىنلىكلەر سېنى كۆزلەۋاتىدۇ، سامسون! ئاندىن تېز ۋە بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت؛ ئاندىن، ئەپسۇسكى، قايتىدىن ئۇيقۇغا كېتىش. بۆلۈنگەن بىر مىللەتتە بۇنداق چوڭ تىنچلىق ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن پۇرسەتلەر بولاتتى. لېكىن بۇ، ئىنگلىزلارنىڭ تۇيغۇسى ھەمىشە ئۇلارغا توغرا ئىش قىلىشنى ئېيتىپ بېرىدۇ دېگەنلىك بولامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ پەقەت ئۇلارغا ئوخشاش بىر ئىشنى

[22] بايرون، 1788 ـ 1824 ـ 19 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ مەشھۇر رومانتىك شائىرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسيانكار روھى، تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتى ۋە ئەسەرلىرىدە ياراتقان «بايرونچە قەھرىمان» ( جەمئىيەتكە قارشى تۇرىدىغان، ئەمما يالغۇز ۋە ئازابلىق روھىي ھالەتتىكى ئادەم) تىپى بىلەن تونۇلغان. ئۇ يەنە گرېتسىيەنىڭ ئوسمانلىلغا قارشى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، جېنىنى سېلىپ بەرگەن.
[23]ئۆسكار ۋايلد :(Oscar Wilde, 1854 ـ 1900) ئىرلاندىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى، شائىر ۋە دراماتورگ. ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەنگلىيە ئەدەبىياتىدىكى «سەنئەت پەقەت سەنئەت ئۈچۈندۇر» (Aestheticism) ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ساتىرىك، ئۆتكۈر سۆزلىرى، ئەپسۇسلىنارلىق كومېدىيەلىرى (مەسىلەن، «ئېرنىست بولۇشنىڭ مۇھىملىقى» ۋە بىردىنبىر رومانى «دوريان گرەينىڭ سۈرىتى» ئارقىلىق دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان .

قىلىشنى ئېيتىدىغانلىقىنىلا بىلدۈردى. مەسىلەن، 1931-يىلدىكى ئومۇمىي سايلامدا، بىز ھەممىمىز خاتا ئىش قىلدۇق. بىز گادارېن چوشقىلىرىدەك[24] بىر نىيەتلىك ئىدۇق. لېكىن بىز ئۆز ئىرادىمىزگە قارشى ھالدا پەسكە ئىتتىرىۋېتىلدۇق دېيىشكىمۇ گۇمان بىلەن قارايمەن.

بۇنىڭدىن شۇ يەكۈن چىقىدۇكى، بىرىتانىيە دېموكراتىيەسى بەزىدە كۆرۈنگىنىدىن ئازراق ساختىدۇر. بىر چەت ئەللىك كۆزەتكۈچى پەقەت بايلىقتىكى غايەت زور تەڭسىزلىكنى، ئادالەتسىز سايلام تۈزۈمىنى، ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە مائارىپنى كونترول قىلىۋالىدىغانلىقىنى كۆرۈپلا، دېموكراتىيەنى پەقەت دىكتاتۇرلۇقنىڭ چىرايلىق ئاتىلىشى دەپلا خۇلاسە چىقىرىدۇ. لېكىن رەھبەرلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان مۇھىم كېلىشىمنى كۆزدىن قاچۇرىدۇ. بۇنى ئېتىراپ قىلىشنى قانچىلىك ئۆچ كۆرسىمۇ، 1931-يىلدىن 1940-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئېنىقتۇر. ئۇ تاشلاندۇق ئۆيلەرنى، ئىشسىزلىقنى ۋە ئاجىز تاشقى سىياسەتنى يوللۇق كۆرگەن. ئەسلىدە جامائەت پىكرىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ تۇرغۇن دەۋر بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئوتتۇراھال ئادەملەر ئىدى.

بىر نەچچە مىڭ سولچىنىڭ سەپەرۋەرلىكلىرىگە قارىماي، ئەنگلىيە خەلقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چېمبىرلېنىنىڭ[25] تاشقى سىياسىتىنى قوللىغانلىقى

[24] «Gadarene swine»(گادارېن چوشقىلىرى) — كىشىلەر ياكى توپ-توپ ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايلا، بىر-بىرىگە ئەگىشىپ قارىغۇلارچە ۋە خەتەرلىك ھالدا ئۆزلىرىنى ۋەيرانچىلىققا تاشلايدىغان پاجىئەلىك ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدىغان مەشھۇر مېتافورا ياكى ئىبارە. ئۇ ئىنجىلدىكى بىر رىۋايەتتىن كەلگەن بولۇپ، رىۋايەتكە كۆرە، ئىسا پەيغەمبەر گادارا (Gadara)رايونىغا بارغاندا بىر ئادەمنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن شەيتانلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ ۋە بۇ شەيتانلار بىر توپ چوشقىلارغا كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چوشقىلار قورقۇپ كەتكىنىچە قىرغاقتىن تۆۋەنگە تىك يارغا قاراپ يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، دېڭىزغا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ. كېيىنچە بۇ سۆز سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئادەملەرنىڭ توپ-توپ بولۇپ باشقىلارنىڭ كەينىدىن قارىغۇلارچە ئەگىشىشىنى، ئاممىۋى ھاياجان ياكى ئاپەتكە قاراپ ئۆزىنى ئۇدۇل ئۇرۇشىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن كەڭ قوللىنىلغان.

[25] نېۋىل چېمبىرلېن-(Neville Chamberlain) 1937-يىلدىن 1940-يىلغىچە ئەنگلىيەنىڭ باش ۋەزىرى بولغان مەشھۇر سىياسەتچى. چېمبىرلېن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بېشىدا، گېرمانىيە رەھبىرى ئادولف گىتلېرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرىغا قارشى دەرھال ئۇرۇش ئېچىشتىن كۆرە، سۆھبەت ۋە كېلىشىش ئارقىلىق تىنچلىقنى ساقلاپ قېلىش سىياسىتى بىلەن تونۇلغان. ئۇ 1938-يىلى گىتلېر بىلەن مىيۇنخېن كېلىشىمىنى ئىمزالاپ، چېخسلوۋاكىيەنىڭ

خىلىلا ئىنىق. ئۇنىڭدىن باشقا، چېمبىرلېيننىڭ كاللىسىدىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىكىگە ئوخشاش بىر تالاي كۆرەشنىڭ بولغانلىقىمۇ خېلىلا ئېنىق. ئۇنىڭ رەقىبلىرى ئۇنى ئەنگلىيەنى گىتلېرغا سېتىشنى پىلانلاۋاتقان ھىيلىگەر بىر سۇيىقەستچىدەك كۆرۈپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ پەقەت قاراڭغۇ ۋەزىيەتتە ئەنگلىيەنى قۇتۇلدۇرۇشقا پۇتۇن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقان ئەخمەق قېرى بولۇش ئېھتىمالى بەكرەك توغرا. بولمىسا ئۇنىڭ سىياسىتىدىكى زىددىيەتلەرنى، ئۆزگە ئوچۇق بولغان يوللارنىڭ ھېچقايسىسىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىنى باشقىچە چۈشەندۈرۈش تەس. ئامىنىڭ كۆپ قىسمىغا ئوخشاش، ئۇمۇ تىنچلىق ياكى ئۇرۇشنىڭ بەدىلىنى تۆلەشنى خالىمىدى. جامائەت پىكرىمۇ ئۇنىڭ بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي ماس كەلمەيدىغان سىياسەتلىرىنى قوللىدى. ئۇ ميۇنخېنغا بېرىپ، رۇسلار بىلەن كېلىشىشكە ئۇرۇنغاندا، پولشاغا كاپالەت بەرگەندە، ئۇرۇشنى خالىمىغان ھالدا داۋاملاشتۇرغاندا، خەلق ئۇنى قوللاپ تۇراتتى. پەقەت ئۇنىڭ سىياستىننىڭ نەتىجىلىرى ئاشكارىلانغاندىلا خەلق ئۇنىڭغا قارشى چىقتى؛ يەنى خەلق ئۆزىنىڭ ئۆتكەن يەتتە يىلدىكى بىخۇدلۇقىغا قارشى چىقتى. نەتىجىدە خەلق ئۆزلىرىنىڭ كەيپىياتىغا تېخىمۇ يېقىن بىر رەھبەرنى، يەنى دۈشمەننى سوقۇشماستىن يەڭگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيدىغان چېرچىلنى تاللىدى. كېيىن، بەلكىم ئۇلار پەقەت سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭلا ئۇنۇملۇك جەڭ قىلالايدىغانلىقىنى بىلىدىغان باشقا بىر رەھبەرنى تاللىشى مۇمكىن. مەن بۇلارنى دېيىش ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ ساپ بىر دېموكراتىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېيتماقچىمۇ؟ ياق، ھەتتا «تېلېگراف گېزىتى» نىڭ ئۆزىمۇ بۇنى ھەزىم قىلالمايدۇ.

ئەنگلىيە دۇنيادا سىنىپلارغا ئەڭ كۆپ بۆلۈنگەن دۆلەتتۇر. ئۇ مەنمەنلىك ۋە ئىمتىياز دۆلىتى بولۇپ، ئاساسلىقى قېرى ۋە ئەخمەق كىشىلەر تەرىپىدىن

بىر قىسمىنى گېرمانىيەگە بېرىش ئارقىلىق ياۋروپادا «مەڭگۈلۈك تىنچلىق» ئورنىتالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. لېكىن بۇ سىياسەت مەغلۇپ بولۇپ، گىتلېرنىڭ قەدىمىنى توسۇپ قالالمىغان. شۇ يىلى گېرمانىيە پولشاغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن ئەنگلىيە گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېچىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ھەربىي مەغلۇبىيەتلەر ۋە ۋەزىيەتنى باشقۇرالمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ 1940-يىلى 4-ئايدا ئىستىپا بەرگەن، ئورنىغا ۋىنستون چېرچىل باش ۋەزىر بولغان. شۇ يىلى ئۆكتەبىردە چېمبېرلىن ئۆلگەن.

باشقۇرۇلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھېسسىي بىرلىكىنى، چوڭ كرىزىس پەيتلىرىدە بارلىق ئاھالىلەرنىڭ دېگۈدەك ئوخشاش ھېسسىياتتا ھەرىكەت قىلالايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. ئۇ ياۋروپادىكى يۈز مىڭلىغان پۇقرالىرىنى سۈرگۈنگە ياكى جازا لاگېرىغا ھەيدەشكە مەجبۇر بولمايدىغان بىردىنبىر ئۇلۇغ دۆلەتتۇر. بىر يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىنكى بۇ ۋەزىيەتتە، ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلىدىغان، دۈشمەننى ماختايدىغان ۋە تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان گېزىتلەر، تەشۋىقات ۋاراقلىرى كوچىلاردا خالىغانچە سېتىلىۋاتىدۇ. بۇنى سۆز ئەركىنلىكىگە بولغان ھۆرمەت دېگەندىن كۆرە، بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ دېگەن تۈزۈك. «تىنچلىق گېزىتى» (Peace News) غا ئوخشاش بىر گېزىتنىڭ سېتىلىشىغا يول قويۇش بىخەتەر، چۈنكى ئاھالەنىڭ 95 پىرسەنتىنىڭ ئۇنى ھەرگىز ئوقۇشنى خالىمايدىغانلىقى ئېنىق. مىللەت كۆرۈنمەس بىر زەنجىر بىلەن بىر-بىرىگە باغلانغان. نورمال بىر ۋاقىتتا ھۆكۈمران تەبىقە مال-مۈلۈكنى تالان-تاراج قىلىدۇ، باشقۇرۇشنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، بىزنى پاتقاققا باشلاپ كىرىدۇ؛ لېكىن جامائەت پىكرى ئۆز ئاۋازىنى ھەقىقىي ئاڭلاتسۇن، ھۆكۈمدارلار ئۆزلىرىنى قاچۇرالمايدىغان بىر نەرسىنى ھېس قىلسۇن، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ جاۋاب قايتۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. پۈتۈن ھۆكۈمران تەبىقىنى «فاشىزم تەرەپدارلىرى» دەپ ئەيىبلەيدىغان سولچى يازغۇچىلار مەسىلىنى ئىنتايىن ئاددىيلەشتۈرۈۋەتكەن. بىزنى ھازىرقى ھالەتكە ئېلىپ كەلگەن سىياسەتچىلەرنىڭ ئىچكى گۇرۇھى ئارىسىدىمۇ، ئاڭلىق ساتقۇنلارنىڭ بار-يوقلۇقى گۇمانلىق. ئەنگلىيەدە يۈز بېرىدىغان چىرىكلىك ھەرگىز بۇنداق بولمايدۇ. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى ئۆزى ئالداش، ئوڭ قولى سول قولىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىك تەبىئىيتىگە تېخىمۇ يېقىندۇر. شۇنداقلا ئۇ ئاڭسىز بولغاچقا، چەكلەنگەندۇر. بۇنى ئەنگلىيە تاراتقۇلىرىدىن ئەڭ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەنگلىيە تاراتقۇلىرى راستچىلمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئۇلار ئىنتايىن ساختا. مۇھىمراق گېزىتلەر ئېلانلىرىغا تايىنىپ ياشايدۇ، ئېلان بەرگۈچىلەر بولسا خەۋەرلەرنى ۋاسىتىلىك تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، مېنىڭچە ئەنگلىيەدە نەق پۇل پارا بېرىپ سېتىۋالغىلى بولىدىغان بىرەر گېزىت يوق. ئۈچىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ فرانسىيەسىدە ناھايىتى ئاز سانلىق گېزىتلەردىن باشقا كۆپلىگەن گېزىتلەرنى بىر قۇتا پىشلاق بېرىپ

ئاشكارا سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقى داڭلىق ئىدى. ئەنگلىيەدە بۇنداق سەتچىلىك يۈز بېرىپ باقمىغان ھەمدە بىرەر سەتچىلىك ھەممىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان دەرىجىگە بارمىغان.

ئەنگلىيە شېكسپىرنىڭ ئەسىرىدىكى گۆھەر ئارالمۇ ئەمەس، دوكتور گوبېلس تەسۋىرلىگەن جەھەننەممۇ ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە قارىغاندا، ئۇ بىر ئائىلىگە، قارا قويلىرى كۆپ بولمىغان، لېكىن ھەممە ئىشكاپلىرى ئۆلۈك سۆڭەكلىرىگە تولغان، ئۆزىگە خاس ۋىكتورىيەچە بىر ئائىلىگە بەكرەك ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھۆرمەت-تازىم تەمە قىلىدىغان باي تۇغقانلىرى ۋە دەھشەتلىك ئېزىلۋېتىلگەن نامرات تۇغقانلىرى بار، شۇنداقلا ئائىلە كىرىمىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا قانداقتۇر بىر شۇملۇق، پالاكەت مەۋجۇت. ئۇ ياشلار ئادەتتە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغان، ھوقۇقنىڭ كۆپ قىسمى مەسئۇلىيەتسىز تاغىلار ۋە ئورۇن كۆرپىسىدە ياتقان ئاغىلارنىڭ قولىدا بولغان بىر ئائىلىدۇر. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ يەنىلا بىر ئائىلە. ئۇنىڭ ئۆزگىچە تىلى ۋە ئورتاق ئەسلىمىلىرى بار، ھەمدە بىر دۈشمەن يېقىنلاشقاندا ئۇ سەپلىرىنى زىچلاشتۇرىدۇ. نۆۋەتتە ئۇ خاتا ئەزالىرى كونترول قىلىۋاتقان بىر ئائىلە بولۇپ، بۇ، بەلكىم ئەنگلىيەنى بىر جۈملە بىلەن تەسۋىرلەشكە ئەڭ يېقىن كېلىدىغان تەرىپ بولسا كېرەك.

4

ۋاتېرلو جېڭى بەلكىم ئىتون ئويۇن مەيدانلىرىدا غەلىبە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن كېيىنكى بارلىق ئۇرۇشلارنىڭ باشلىنىش جەڭلىرى دەل شۇ يەردە مەغلۇپ بولغان. ئۆتكەن چارەك ئەسىردىكى ئەنگلىيە تۇرمۇشىدىكى ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى، ھۆكۈمران تەبىقىدىكى ئىقتىدارنىڭ چېكىنىشىدۇر.

1920-يىلدىن 1940-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ بىر خىمىيەلىك رېئاكسىيە سۈرئىتىدە يۈزبېرىۋاتقان ئىدى. لېكىن بۇ كىتابنى يېزىۋاتقان بۇ پەيتتىمۇ يەنىلا بىر ھۆكۈمران تەبىقىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ئىككى يېڭى تىغى ۋە ئۈچ يېڭى دەستىسى بولغان پىچاقتەك، يەنىلا 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ھالىتىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. 1832-يىلدىن كېيىن كونا يەر-زېمىن خوجايىنلىرى ئاقسۆڭەكلىرى تەدرىجىي ھالدا ھوقۇقىدىن ئايرىلدى، لېكىن ئۇلار يوقىلىپ كېتىش ياكى تاشقاتمىغا

ئايلىنىشىنىڭ ئورنىغا، ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ئالغان سودىگەرلەر، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە پۇل-مۇئامىلە دۆكاللىرى بىلەن ئۆزئارا توي قىلىپ، ئۇلارنى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ نۇسخىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. مال-بايلىق دېڭىز پاراخوتى خوجايىنى ياكى پاختا سانائەتچىسىنى يەرلىك ئەپەندى سۈپىتىدە كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولسا دەل شۇ مەقسەت ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ئاممۋى مەكتەپلەردە توغرا قائىدە-يوسۇنلارنى ئۆگەندى. ئەنگلىيە داۋاملىق يېڭىدىن باي بولغانلار بىلەن تولدۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. شۇنداقلا ئۆز كۈچى بىلەن باي بولغان ئادەملەرنىڭ قانداق ئېنېرگىيەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھېچ بولمىغاندا جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر تەبىقىگە پۇل تۆلەپ كىرىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتساق، بۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئىقتىدارلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ چىقىشىنى كۈتۈشكە بولاتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، ھۆكۈمران تەبىقە نېمىشقىدۇر چېكىنىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى، جاسارىتىنى، ھەتتا ئاخىرىدا رەھىمسىزلىكىنىمۇ يوقاتتى، ھەتتا بىر ۋاقىت ئېدەن ياكى خالىفاكسقا[26] ئوخشاش مەغرۇر، ئەمما ئىچى بوش ئادەملەر

26

ئانتونىي ئىدېن (Anthony Eden): كېيىنچە باش مىنىستىر بولغان، ئەينى ۋاقىتتىكى تەسىرى كۈچلۈك سىياسەتچى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى.
لورد ھاليفاكس (Lord Halifax): ئەنگلىيەنىڭ ئالىي قاتلام ئاقسۆڭەك سىياسەتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە ئامېرىكىدىكى ئەلچى بولۇپ ئىشلىگەن.يۇقىرىقى ھەر ئىككى شەخس ئەنگلىيەنىڭ ئەنئەنىۋى ئاقسۆڭەك، يۇقىرى تەبىقە سىياسىي سىستېمىسىدىن چىققان، ئەينى دەۋردە «مەملىكەتنى باشقۇرۇشقا ئەڭ ئەرزىيدىغان تالانتلىق كىشىلەر» دەپ قارالغان ئادەملەر ئىدى.
ئورروۋېل بۇ جۈملىنى ئېيتىش ئارقىلىق، ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ئىنتايىن تار دائىرىدىن، يەنى پەقەت ئاقسۆڭەك، مەكتەپ-ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن تەربىيەلەنگەن «ئىچكى يادرولۇق كىچىك گۇرۇپپا» (inner clique) دىنلا تەركىب تاپقانلىقىنى كۆرسەتكەن.
يەنى، بۇ ئادەملەر (ئىدېن ياكى ھاليفاكس) نورمال بىر جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىچە ياكى مەلۇم دەرىجىدىكى ئىقتىدارى بىلەن بىر شەخس بولۇپلا قالىدىغان بولسا، ئەنگلىيەنىڭ مەۋجۇت ئاقسۆڭەكچىل سىستېمىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىلىملىك ياكى تالانتلىق كىشىلەردەك كۆرسىتىلىشىگە يول ئېچىلىدۇ. چۈنكى سىستېما سىرتتىن يېڭى، ئەقىللىق ۋە ئىقتىدارلىق ياشلارنىڭ (بولۇپمۇ ئىشچىلار سىنىپىدىن چىققان تالانتلارنىڭ) ئۆرلەپ كېلىشىگە يول قويمايتتى ۋە پۇرسەت بەرمەيتتى.

تالانت ئىگىلىرى سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنەلەيدىغان بولدى. بالدۋىنغا[27] كەلسەك، ئۇنى ھەتتا سالاپەتلىك ئادەم دەپ ئىززەتلەشكىمۇ بولمايتتى. ئۇ پەقەت ھاۋادىكى بىر تۆشۈك ئىدى. 1920-يىللاردىكى ئەنگلىيەنىڭ ئىچكى مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى خاتالىقلار يېتەرلىك دەرىجىدە ناچار ئىدى، لېكىن 1931-يىلدىن 1939-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىرىتانىيەنىڭ تاشقى سىياسىتى دۇنيادىكى مۆجىزىلەرنىڭ بىرىدۇر. نېمە ئۈچۈن؟ نېمە يۈز بەرگەنىدى؟ ھەر بىر قارار قىلىش پەيتىدە ھەربىر بىرىتانىيەلىك دۆلەت ئەربابىنىڭ شۇنچە توغرا بىر تۇيغۇ بىلەن خاتا ئىشنى قىلىشقا نېمە سەۋەب بولغانىدى؟

ئاساسلىق پاكىت شۇ ئىدىكى، پۇلدارلار سىنىپىنىڭ پۈتۈن ئورنى ئاللىقاچان ئاقلىغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلگەن ئىدى. ئۇلار غايەت زور بىر ئىمپېرىيە ۋە دۇنياۋى مالىيە تورىنىڭ مەركىزىدە ئولتۇرۇپ، پايدا ۋە ئۆسۈملەرنى ئېلىپ ئۇلارنى نېمىگە سەرپ قىلدى؟ بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى ئىچىدىكى تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن جەھەتتىن سىرتتىكى تۇرمۇشتىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىمپېرىيە تەرەققىي قىلمىغان، ھىندىستان ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇخلاۋاتاتتى، زېمىنلار چەت ئەللىكلەر قاتتىق توسۇپ قويۇلغان ھالدا قۇرۇق ياتاتتى، ھەتتا ئەنگلىيەنىڭ ئۆزىمۇ تاشلاندۇق ئۆيلەر ۋە ئىشسىزلىق بىلەن تولغانىدى. پەقەت يېرىم مىليون ئادەم، يەنى ھەشەمەتلىك قورۇ-جايدا ئولتۇرىدىغان كىشىلەرلا مەۋجۇت سىستېمىدىن ئېنىق مەنپەئەت ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىچىك كارخانىلارنىڭ چوڭلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىش مايىللىقى

---

[27] ستانلى بالدۋىن (Stanley Baldwin) — 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدە، بولۇپمۇ 1923-1937-يىللار ئارىسىدا ئۈچ قېتىم ئەنگلىيەنىڭ باش مىنىستىرى بولغان مەشھۇر كونسېرۋاتىپ سىياسەتچى.
جورج ئورۋېلنىڭ بۇ ئەسەرىدە بالدۋىن كۆپىنچە ئەنگلىيەنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنئەنىۋى، ئاستا-سۈرئەتلىك، كونا تىپتىكى ئاقسۆڭەك ۋە ئوتتۇرا ھال سىياسىي ھاياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سىمۋول سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.
بالدۋىن ئەنگلىيەدە سىياسىي جىددىيچىلىك كۈچەيگەن مەزگىللەردە (مەسىلەن، 1926-يىلدىكى ئومۇمىي ئىشچىلار نارازىلىقى ۋە خانلىق كرىزىسلىرى مەزگىلىدە دۆلەتنى تىنچلاندۇرۇشقا ۋە مۇقىملىقنى ساقلاشقا تىرىشقان رەھبەر سۈپىتىدە تونۇلغان. ئورۋېلغا ئوخشاش سولچى ۋە ئۆزگىرىش تەرەپدارى بولغان يازغۇچىلار ئۇنى سىياسىي جەھەتتە بەك ئېھتىياتچان، يېڭىلىققا ھەۋەس قىلمايدىغان، دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا دەس-پۇت بولىدىغان كونىراپ كەتكەن سىياسىي تۈزۈمنىڭ ۋەكىلى دەپ قاراپ قاتتىق تەنقىد قىلغان.

پۇلدارلار سىنىپىدىكى تېخمۇ كۆپ كىشلەرنى ئۆز رولىدىن ئايرىپ، ئۇلارنى پەقەت خوجايىن قىلىپ قويدى، ئۇلارنىڭ ئىشنى بولسا مائاشلىق باشقۇرغۇچىلار ۋە تېخنىكلار قىلىپ بەردى. ئەنگلىيەدە ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيان پۈتۈنلەي ۋەزىپىسىز بىر تەبىقە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار پۇلغا تايىنىپ ياشايتتى. قەيەرلەرگە مەبلەغ سېلىنغانلىقىنىمۇ ئاران بىلىدىغان پۇللىرى بىلەن ياشايدىغان «بىكارچى بايلار»، سىز ھەر قاچان «Tatler» ۋە «Bystander»[28] ژۇرناللىرىدا سۈرەتلىرىنى كۆرەلەيدىغان كىشلەر ئىدى. بۇ كىشلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەرقانداق ئۆلچەم بىلەن ئاقلىغىلى بولمايدىغان نەرسە ئىدى. ئۇلار پەقەت ئاددىي پارازىتلار بولۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن قىممىتى (پادىلارنى قوغدايدىغان) بۈرە ئىتتىنىمۇ تۆۋەن ئىدى.

1920 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاگقىرالايدىغان نۇرغۇن كىشلەر بار ئىدى. 1930 ـ يىلىغا كەلگەندە بولسا مىليونلىغان ئادەم بۇنى بىلىپ يەتتى. لېكىن بىرىتانىيە ھۆكۈمران تەبىقىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل ئورنىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلالماي يۈردى. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇلار ھوقۇقتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغان بولاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئامېرىكىلىق مىليونېرلارغا ئوخشاش، ئادالەتسىز ئىمتىيازلارغا ئاقلانە يامىشىۋېلىپ، پارا ۋە كۆزياش ئاققۇزۇش بومبىلىرى ئارقىلىق قارشىلىقلارنى بېسىقتۇرىدىغان قاراقچىلارغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار مەلۇم بىر ئەنئەنىگە ئىگە تەبىقىگە تەۋە ئىدى، ئۇلار زۆرۈر تېپىلغاندا دۆلەت ئۈچۈن ئۆلۈشنى ئەڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ئەمر دەپ بەلگىلىگەن ئاممىۋى مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئىدى. ئۇلار ئۆز پۇقرالىرىنى تالان ـ تاراج قىلىۋاتقان پەيتتىمۇ ئۆزلىرىنى

---

[28] Tatler 1709 ـ يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى دەۋرگە تۇتاشقان جەمئىيەت ۋە مودا ژۇرناللىرىنىڭ بىرى. بۇ ژۇرنال تارىختىن بۇيان ئەنگلىيەنىڭ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، كۇلۇبلىرىدا ۋە جەمئىيەت ھاياتىدا نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرستىدىغان ئاساسلىق مەنبە بولۇپ كەلگەن.
Bystander— «تاماشىبىن»20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا (1903 ـ يىلدىن باشلاپ) ئەنگلىيەدە چىقىرىلغان داڭلىق رەسىملىك ژۇرنال بولۇپ، ئاساسلىقى سىياسەت، كۈندىلىك ۋەقەلەر، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە كارتون تەسۋىرلىرى بىلەن تونۇلغان. ئۇ كېيىنچە «Tatler» ژۇرنىلى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر دەپ ھېس قىلىشى كېرەك ئىدى. ئىنىقكى، ئۇلار ئۇچۇن بىردىنبىر قۇتۇلۇش يولى بار ئىدى - ئۇ بولسىمۇ ئەخمەقلىق. ئۇلار پەقەت ياخشىلىنىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى چۈشىنەلمەسلىك ئارقىلىقلا جەمئىيەتنى مەۋجۇت تەرتىپتە ساقلاپ قالالايتتى. بۇ قانچىلىك قىيىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار كۆزلىرىنى ئۆتمۈشكە تىكىپ، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىشنى رەت قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭغا ئېرىشتى.

ئەنگلىيەدە بۇ ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. بۇ كۆپرەك غەيرەتلىك ئىشچىلارنى يەردىن ھەيدەپ چىقىرىدىغان يالغان فېئودالىزمنى ساقلاپ قېلىش سەۋەبىدىن يېزا تۇرمۇشىنىڭ خاراپلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيان ئاساسەن ئۆزگەرمىگەن ئاممۋى مەكتەپلەرنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ بۇ يەنە ئەنگلىيەنىڭ بۇ دۇنيانى قايتا ـ قايتا ھەيران قالدۇرغان ھەربىي لاياقەتسىزلىكنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەنگلىيە قاتناشقان ھەر بىر ئۇرۇش يىللاردىن بۇيان بىر قاتار پاجىئەلەر بىلەن باشلانغان، ئاندىن ئىجتىمائىي قاتلامدا بىر قەدەر تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن كىرزىستىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغان. ئاقسۆڭەكلەردىن چىققان يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلار زامانىۋى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلالمىغان، چۈنكى ئۇلار شۇنداق قىلىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ھەمىشە كونا ئۇسلۇبتىكى ئۇسۇللار ۋە قوراللارغا يامىشىۋالغان، چۈنكى ئۇلار ھەربىر ئۇرۇشنى بۇرۇنقىسىنىڭ تەكرارلىنىشى دەپ قارىغان. بوئېر ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ئۇلار زۇلۇ ئۇرۇشىغا[29]، 1914 ـ يىلدىكى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى بوئېر ئۇرۇشىغا[30]، ھازىرقى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى 1914 ـ يىلدىكى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان. ھەتتا بۇ پەيتتىمۇ ئەنگلىيەدە

---

[29] زۇلۇ ئۇرۇشى ـ 1879 — (Zulu War) يىلى ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن ئافرىقىدىكى قۇدرەتلىك «زۇلۇ پادىشاھلىقى» ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تارىخىي ۋە شىددەتلىك مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشى .

[30] بوئېر ئۇرۇشى(Boer War) — 1899 ـ 1902 ـ يىللىرى ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى گوللاندىيەلىك كۆچمەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى (بۇرلار) ئوتتۇرىسىدا شۇ زېمىندىكى ئالتۇن ۋە ئالماس كانى بايلىقلىرىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان، نەتىجىدە ئەنگلىيە غەلبە قىلىپ ئۇ رايونلارنى ئۆز ئىمپېرىيەسىگە قوشۇۋالغان شىددەتلىك مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشى.

يۈز مىڭلىغان ئادەم قۇتا ئېچىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدىغان بايونېت (مىلتىق تىغى) بىلەن مەشقلەندۈرۈلۈۋاتىدۇ. دېڭىز ئارمىيىسى ۋە كېيىنچە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ دائىملىق ئارمىيەگە قارىغاندا ھەممىشە ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. لېكىن دېڭىز ئارمىيىسى پەقەت قىسمەن، ھاۋا ئارمىيىسى بولسا ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ دائىرىسىگە ئاساسەن كىرمەيدۇ.

ئىشلار تىنچ بولغان مەزگىلدە بىرىتانىيە ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ قوللانغان ئۇسۇللىرىنىڭ ئۇلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە مۇلازىمەت قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ خەلقى ئۇلارنى ئاشكارا ھالدا قوبۇل قىلغان. ئەنگلىيە قانچىلىك ئادالەتسىز تۈزۈمدە بولسىمۇ، ئۇ ھېچ بولمىغاندا سىنىپىي جەڭلەر بىلەن پارچىلىنىپ كەتمىدى ياكى مەخپىي ساقچىلار تەرىپىدىن بىئارام قىلىنمىدى. باشقا رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا بۇ ئىمپېرىيە ھېچقانداق رايون كۆرۈپ باقمىغان دەرىجىدە تىنچ ئىدى. ئۇنىڭ غايەت زور دائىرىسى، يەنى يەر شارىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدا كىچىك بىر بالقان دۆلىتى تەرىپىدىن زۆرۈر دەپ قارىلىدىغان قورallıق ئادەملەردىنمۇ ئاز ئادەم بار ئىدى. بىرىتانىيە ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ ئادەملىرى سۈپەتلىك بولۇپ، ئۇلارغا پەقەت لىبىرال، مەنپىي نۇقتىدىنلا قارىغاندا ئاقسۆڭەكلەرگە خاس تەرەپلىرى بار ئىدى. ئۇلار ھەقىقىي زامانىۋى ئادەملەر، يەنى ناتسىستلار ۋە فاشىستلاردىن ياخشىراق ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق جىددىي ھۇجۇمغا قارشى تۇرالمايدىغانلىقى ئاللىقاچان ئېنىق بولۇپ قالغانىدى.

ئۇلار ناتسىزم ياكى فاشىزمغا قارشى كۈرەش قىلالمايتتى، چۈنكى ئۇلار فاشىستلارنى چۈشىنەلمەيتتى. ئەگەر كوممۇنىزم غەربىي ياۋروپادا جىددىي بىر كۈچ بولغان بولسا، ئۇلار كوممۇنىزمغىمۇ قارشى تۇرالمايتتى. فاشىزمنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇلار سوتسىيالىزم نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرىي بولاتتى، بۇ بولسا ئۇلارنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئىقتىسادىي سىستېمىنىڭ ئادالەتسىز، ئۈنۈمسىز ۋە قالاق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە مەجبۇر قىلاتتى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەرگىز يۈزەكى بولماسلىققا مەشقلەندۈرگەن نەرسە دەل مۇشۇ پاكىت ئىدى. ئۇلار فاشىزمغا 1914-يىلدىكى ئاتلىق قوشۇن گېنېراللىرى ئاپتومات-پىلموتلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك - ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىق ئارقىلىق مۇئامىلە قىلدى. كۆپ يىللىق تاجاۋۇزچىلىق ۋە قىرغىنچىلىقلاردىن كېيىن، ئۇلار پەقەت بىرلا پاكىتنى،

يەنى گىتلېر بىلەن مۇسسولىنىنىڭ كوممۇنىزمغا دۈشمەن ئىكەنلىكىنىلا چۈشەندى. شۇڭلاشقا ئۇلار، بىرىتانىيەگە پايدىلىق بولسىلا دوست بولۇشى كېرەك، دەپ قارىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئىسپانىيە جۇمھۇرىيەتچىلەر ھۆكۈمىتىگە يېمەكلىك ئېلىپ كەلگەن بىرىتانىيە پاراخوتلىرىنىڭ ئىتالىيە ئايروپىلانلىرى تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەردىن كونسېرۋاتىپ پارتىيە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ خۇش بولۇپ كېتىشىدەك قورقۇنچلۇق مەنزىرە ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئۇلار فاشىزمنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىغان ۋاقىتتىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيەتتە ئىنقىلابىي خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇ قىلالايدىغان غايەت زور ھەربىي تىرىشچانلىقلارنى، ئۇ ئىشلىتىدىغان تاكتىكىلارنى پۈتۈنلەي چۈشىنەلمىگەنىدى.

ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سوتسىيالىزم توغرىسىدا ئالتە سىنتلىق رىسالىدىن ئالغىلى بولىدىغان سىياسىي بىلىمگە ئىگە ھەرقانداق ئادەم، ئەگەر فرانكو غەلىبە قىلسا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئەنگلىيە ئۈچۈن ئىستراتېگىيەلىك پاجىئە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنداق تۇرۇپمۇ گېنېراللار، دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى ۋە ئۆز ھاياتىنى ئۇرۇشنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغانلارمۇ بۇ پاكىتنى چۈشىنەلمىگەنىدى. سىياسىي غەپلەتنىڭ بۇ ئىزى ئەنگلىيەنىڭ رەسمىي ھاياتى ئارقىلىق، كابېنت مىنىستىرلىرى، ئەلچىلەر، كونسۇللار، ئالىي سوتچى، تۆۋەن سوتچى ۋە ساقچىلارغىچە تۇتىشىپ كەتكەنىدى. «قىزىللار» نى قولغا ئالىدىغان ساقچى «قىزىللار» تەشۋىق قىلىۋاتقان نەزەرىيەلەرنى چۈشەنمەيتتى؛ ئەگەر ئۇ چۈشەنگەن بولسا، ئۆزىنىڭ پۇلدارلار سىنىپىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىدىن يىرگىنىپ كەتكەن بولاتتى، ھەتتا ھەربىي جاسۇسلۇقنىڭمۇ يېڭى ئىقتىسادىي تەلىماتلار ۋە ئاستىرتتىن كېتىۋاتقان پارتىيەلەرنىڭ يۆنىلىشلىرىنى بىلمەسلىك تۈپەيلىدىن ئۈمىدسىز دەرىجىدە توسالغۇغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلاشقا يېتەرلىك سەۋەب بار.

بىرىتانىيە ھۆكۈمران تەبىقىسى بىز فاشىزم بىلەن بىر مەيداندا دەپ ئويلاشتا پۈتۈنلەي خاتا ئەمەس ئىدى. بىر باي ئادەمنىڭ (ئەگەر ئۇ يەھۇدىي بولمىسا) فاشىزمدىن بەك قورقۇپ كەتمىسىمۇ، كوممۇنىزم ياكى دېموكراتىك سوتسىيالىزمدىن قاتتىق قورقىدىغانلىقى بىر پاكىتتۇر. بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ

قالماسلىق كېرەك، چۈنكى پۈتۈن گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە تەشۋىقاتى دەل مۇشۇنى يوشۇرۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. سىمون، خۋارى[31]، چېمبېرلىن قاتارلىق ئادەملەرنىڭ تەبىئىي تۈيغۇسى گىتلېر بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئىدى. لېكىن (بۇ يەردە مەن تىلغا ئالغان ئەنگلىيە تۈرمۇشىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، يەنى مىللىي بىرلىكنىڭ چوڭقۇر تۈيغۇسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ) ئۇلار بۇنى پەقەت ئىمپېرىيەنى پارچىلاش ۋە ئۆز خەلقىنى يېرىم قۇللۇققا سېتىش ئارقىلىقلا قىلالايتتى. ھەقىقىي چىرىگەن بىر تەبىقە فرانسىيەدىكىگە ئوخشاش بۇنى ئىككىلەنمەستىن قىلغان بولاتتى. لېكىن ئەنگلىيەدە ئىشلار ئۇنچە يىراققا بارمىغاندى. «بىزنىڭ ساداقەت بۇرچىمىز» دەپ يالغان گەپ قىلىدىغان سىياسەتچىلەر ئىمپېراتورلارغا ئۇنچە ساداقەت كۆرسىتىپ كەتمەيتتى. كىرىملىرى بىلەن پرىنسىپلىرى ئارىسىدا ئۇياق-بۇياققا سىلكىنگەن چېمبېرلېن قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ھەر ئىككى دۇنيانى بەربات قىلىشتىن باشقا بىر ئىش قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن بىر قەدەر ساغلام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر ئىش شۇكى، ئۇلار ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشقا يېتەرلىك دەرىجىدە تەييار تۇرىدۇ. فلاندېردىكى يېقىنقى سەپەرۋەرلىكتە بىر قانچە كېنەز، گراف ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى. ئەگەر بۇ ئادەملەر كىملەردۇر ئېيتقاندەك گۇمانخورلار، ساتقۇنلار بولغان بولسا، بۇنداق ئىش يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرىنى خاتا چۈشەنمەسلىك ئىنتايىن مۇھىم، بولمىسا ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلاردىن كۈتۈشكە بولىدىغان ئىش خىيانەت ياكى جىسمانىي قورقۇنچاقلىق ئەمەس، بەلكى ئەخمەقلىق، ئاڭسىز بۇزغۇنچىلىق، ھەممە ئىشنى توغرا قىلىۋاتىمىز دەيدىغان غاپىللىقتۇر. ئۇلار بەك رەھىمسىزمۇ ئەمەس؛ ئۇلار پەقەت ئۆگىنەلى بولمايدىغان ئادەملەردۇر. ئۇلارنىڭ پۇلى ۋە ھوقۇقى

[31]جون سىمون: چېمبېرلېننىڭ 1937-1940-يىلدىكى مالىيە مىنىستىرى؛ چېرچىلنىڭ 1940-1945-يىلدىكى باش سوتچىسى. ساموئىل خۋارى بولسا سىياسەتچى، ئىتالىيەنىڭ ئېفىيوپىيەنى بويسۇندۇرۇشنى ئېتىراپ قىلغان خۋارى-لاۋال شەرتنامىسى سەۋەبىدىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

تۈگـگەنـدىلا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشلىرى ئۆزلىرىنىڭ قايسى ئەسىردە ياشاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ.

5

ئۇرۇش ئارىلىقىدىكى يىللاردا ئىمپېرىيەنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقى ئەنگلىيەدىكى ھەممىگە تەسىر كۆرسەتتى، لېكىن ئۇ ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ ئىككى مۇھىم تارماق قىسمىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. بىرى ھەربىي ۋە جاھانگىرلىك ئىدىيەسىدىكى ئوتتۇرا تەبىقە بولۇپ، ئادەتتە «Blimps» (ھاۋا كېمىسى) دەپ ئاتىلىدۇ، يەنە بىرى سولچى زىيالىيلار. كۆرۈنۈشتە دۈشمەن بولغان بۇ ئىككى گۇرۇپپا - مۇگگۇزى يوغان، مېڭىسى كىچىك پولكوۋنىك بىلەن دوقا ماڭلاي، بۇقا گەدەن زىيالىي -گويا ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان بىر ئائىلىدە تۇغۇلغاندەك، روھىي جەھەتتىن ئۆزئارا باغلانغان ھەمدە بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئوتتۇز يىل ئىلگىرى Blimp تەبىقىسى ئاللىقاچان ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىۋاتقان ئىدى. كىپلىڭ[32] تەرىپىدىن ماختالغان ئوتتۇرا تەبىقىدىكى ئائىلىلەر، ئوغۇللىرى ئارمىيە ۋە دېڭىز ئارمىيىسىگە ئوفىتسېر بولغان ۋە يۇكوندىن ئىراۋادىغىچە[33] بولغان يەر شارىدىكى بارلىق بوش جايلارنى قاپلىغان كۆپ سانلىق

---

[32] رۇديار كىپلىڭ (Rudyard Kipling, 1865 ـ 1936) — ئەنگلىيەلىك داڭلىق يازغۇچى ۋە شائىر. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېكايىلىرى، شېئىرلىرى ۋە بولۇپمۇ باللار ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان.
ئاساسلىق ئەسەرلىرى: ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن «جاڭگال» (The Jungle Book) ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بىلەن تونۇلغان (بۇ ئەسەردىكى موۋگلى ـ Mowgli ناملىق ئادەم بالىسىنىڭ جاڭگالدىكى ئېيىق ۋە بۆرىلەر ئارىسىدا ئۆسۈپ يېتىلىش ھېكايىسى پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر).
ئۇنىڭدىن باشقا، «كىم» (Kim) ناملىق رومانى ۋە «ئەگەر» (If—) دەپ ئاتىلىدىغان داڭلىق پەند-نەسىھەت شېئىرىمۇ ناھايىتى زور ئېتىراپقا ئېرىشكەن. كىپلىڭ 1907 ـ يىلى ئەدەبىيات ساھەسىدە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى ئەنگلىيەلىك يازغۇچى بولۇپ قالغان. ئۇ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، ئەسەرلىرىدە برىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ كۈچىنى ۋە «ئاق تەنلىكلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى» (White Man's Burden) دەپ قارالغان ئىدىئولوگىيەنى كۆپ قېتىم تەشۋىق قىلغان. شۇڭلاشقا، كىپلىڭنىڭ ئىجادىيىتى ھازىرقى زاماندا بەزىدە ئىمپېرىيەچىلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىك نۇقتىسىدىن قاتتىق تەنقىد قىلىنىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھېكايە يېزىش سەنئىتى ۋە ئەدەبىي تالانت-ماھارىتى تارىختىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىجادكارلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

[33] يۇكون (Yukon) — كانادانىڭ شىمالىدىكى تاغلىق ۋە مۇزلۇق رايون بولۇپ، تارىختىكى مەشھۇر «ئالتۇن قېزىش قىزغىنلىقى» (Klondike Gold Rush) بىلەن دۇنياغا تونۇلغان كەڭ ۋە

تۆۋەن سەۋىيەلىك ئائىلىلەر 1914 ـ يىلدىن بۇرۇن كىچىكلەۋاتقان ئىدى. ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن نەرسە تېلېگراما ئىدى. تېخىمۇ تارىيىۋاتقان، ئاقساراي (Whitehall) تەرىپىدىن تېخىمۇ كۆپ باشقۇرۇلىدىغان دۇنيادا، شەخسىي تەشەببۇسكارلىق بارغانسېرى قالمىدى. كلاۋى، نېلسون، نىكولسون، گوردون قاتارلىق ئادەملەر زامانىۋى بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىدىن ئۆزلىرىگە ئورۇن تاپالمايتتى. 1920 ـ يىلغىچە مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيەنىڭ  ھەر غېرىچ يېرى ئاقسارايىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. قارا كاستۇم، قارا قالپاقلىق، كۆنلۈك تۇتۇۋالغان، ياخشى نىيەتلىك، ھەددىدىن زىيادە مەدەنىيەتلىك ئادەملەر مالايسىيا، نىگېرىيە، مومباسا ۋە ماندالايلاردا كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش قارىشىنى مەجبۇرىي تېڭىۋاتاتتى. بىر ۋاقىتتىكى ئىمپېرىيە قۇرغۇچىلىرى كاتىپلارنىڭ دەرىجىسىگە چۈشۈرۈۋېتىلىپ، قەغەز دۆۋىلىرى بىلەن قىزىل لېنتىلار ئىچىگە مەھكۇم قىلىندى. 20 ـ يىللارنىڭ بېشىدا پۈتۈن ئىمپېرىيەدە جىق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن كونا ئەمەلدارلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا ئاجىز  قېلىپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، غەيرەتلىك ياش يىگىتلەرنى ئىمپېرىيە خىزمىتىگە قاتنىشىشقا قايىل قىلىش ئاساسەن مۇمكىن بولماي قالدى. ھۆكۈمەتتىكى ئىشلارمۇ، سودا دۇنياسىدىكى ئىشلارمۇ شۇنداق ئىدى. چوڭ مونوپۇل شىركەتلىرى نۇرغۇنلىغان ئۇششاق سودىگەرلەرنى يۇتۇۋەتتى. ھىندىستاندا تەۋەككۈلچىلىك بىلەن سودا قىلىشنىڭ ئورنىغا، بىرەيلەن بومباي ياكى سىنگاپوردىكى بىر ئىشخانا ئورۇندۇقىغا بېرىپ ئولتۇرىدىغان بولدى. بومبايدىكى ياكى سىنگاپوردىكى تۇرمۇش ئەمەلىيەتتە لوندوندىكى تۇرمۇشتىن تېخىمۇ زېرىكىشلىك ۋە بىخەتەر ئىدى. ئائىلە ئەنئەنىسى سەۋەبىدىن ئوتتۇرا تەبىقىدە جاھانگىرلىك روھى يەنىلا كۈچلۈك ئىدى، ئەمما ئىمپېرىيەنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى ئەمدى كىشىنى جەلپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇنىڭدىن قېچىشنىڭ بىرەر يولى بولسىلا، ئاز ساندىكى ئىقتىدارلىق ئادەملەر سۇۋەيش قانىلىنىڭ شەرق تەرىپىگە باراتتى.

---

تەبىئىي گۈزەل زېمىن؛ ئىرراۋادى (Irrawaddy) بولسا ميانمار (بىرما) دۆلىتىنى تىك بۆسۈپ ئۆتىدىغان، تارىخ ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە شۇ ئەلنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدىغان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم دەريا.

لېكىن 1930 ـ يىللاردا ئىمپېرىيالىزم ۋە مەلۇم دەرىجىدە پۈتۈن بىرىتانىيە روھىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئاجىزلىششى قىسمەن ھالدا ئىمپېرىيەنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن، ئۆزى ئۈنۈپ قالغان ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان سولچى زىيالىيلارنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى. شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىر قانداقتۇر «سولچى» بولمىغان زىيالىي قاتلىمى يوق. بەلكىم ئەڭ ئاخىرقى ئوڭچى زىيالىي ت. ئى. لورىت ئىدى. تەخمىنەن 1930 ـ يىلدىن باشلاپ «زىيالىي» دەپ تەسۋىرلەشكە بولىدىغان ھەربىر ئادەم مەۋجۇت تەرتىپكە نىسبەتەن ئىزچىل نارازىلىق ھالىتىدە ياشاپ كەلدى. بۇ مۇقەررەر ئىدى، چۈنكى شەكىللىنىپ بولغان جەمئىيەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇن يوق ئىدى. ئەمما تەرەققىي قىلمايۋاتقان، شۇنداقلا پارچىلىنىپمۇ كەتمىگەن بىر ئىمپېرىيەدە، يەنە كېلىپ ئەڭ چوڭ بايلىقى دىۋەڭ كىشىلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بىر ئەنگلىيەدە، «زېرەك» بولۇش گۇمانلىق ھېسابلىناتتى. ئەگەر سىزدە ت. س. ئېلىئوتنىڭ شېئىرلىرىنى ياكى كارل ماركسنىڭ نەزەرىيەلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان كاللا بولسا، يۇقىرىقىلار سىزنىڭ ھېچقانداق مۇھىم خىزمەتكە ئېرىشەلمەسلىكىڭىزگە كاپەتەرلىك قىلاتتى. زىيالىيلار ئۆزلىرىگە پەقەت ئەدەبىي ئوبزورلار ۋە سولچى سىياسىي پارتىيەلەردىلا بىرەر ۋەزىپە تاپالايتتى.

ئەنگلىيە سولچى زىيالىيلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى قىسمەن خەلقئارالىق گېزىت ۋە ئايلىق گېزىتلەرنىڭ نەشرلىرىدىن تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. بۇ گېزىتلەرنىڭ ھەممىسىدە دەرھال كۆزگە چېلىقىدىغىنى ئۇلارنىڭ پاسسىپ كۆز قارىشى، ۋەزىيەتكە بولغان نارازىلىقى ئىدى؛ ئەمما ھېچقانداق ئىجادىي تەكلىپ بېرەلمىگەنىدى. يازمىلىرى بولسا ھوقۇق تۇتۇپ باقمىغان ۋە ھوقۇق تۇتۇشنىمۇ ئويلاپ باقمىغان كىشىلەرنىڭ كۆڭۈلسىز تەنقىدلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۇ تەنقىدلەردە ئىدىيە دۇنياسىدا ياشايدىغان ۋە ھەقىقىي رېئاللىققا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ھېسسىي يۈزەكىلىكى بار ئىدى. سولچىلارنىڭ نۇرغۇن زىيالىيلىرى 1935 ـ 1939 ـ يىلغىچە جىم يۈرگەن تىنچلىقپەرۋەرلەر بولۇپ، ئۇرۇش باشلانغان ھامان دەرھال سوۋۇپ قالدى. ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە «فاشىزمغا قارشى» بولغان كىشىلەرنىڭ ھازىر ئەڭ مەغلۇبىيەتچى ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئومۇمەن راست. شۇنداقلا بۇنىڭ ئاستىدا ئەنگلىيە زىيالىيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى

توغرىسىدىكى مۇھىم بىر پاكىت ـ ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىدىن ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ياتىدۇ.

ئەنگلىيە زىيالىيلىرى قەستەن بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ياۋروپالاشقاندۇر. ئۇلار تاماقلىرىنى پارىژدىن، پىكىرلىرىنى موسكۋادىن ئالىدۇ. دۆلەتنىڭ ئومۇمي ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ئىچىدە ئۇلار بىر خىل قارشى پىكىردىكى ئارالنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەنگلىيە بەلكىم زىيالىيلىرى ئۆزىنىڭ مىللەتچىلىكىدىن نومۇس قىلىدىغان بىردىنبىر ئۇلۇغ دۆلەت بولسا كېرەك. سولچىلار مۇھىتىدا ئەنگلىيەلىك بولۇشنىڭ ئازراق نومۇسلۇق  ئىش ئىكەنلىكى، ئات بەيگىسىدىن تارتىپ تاتلىق تۈرۈملىرىگىچە ھەممە نەرسىسىنى كۈلكە ئوبيېكتى قىلالايدىغانلىقى ھەمىشە ھېس قىلىنىدۇ. بۇ غەلىتە بىر پاكىت، لېكىن ھەرقانداق بىر ئەنگلىيەلىك زىيالىينىڭ نامراتلار ساندۇقىدىن پۇل ئوغرىلىغاندىن كۆرە، «پادىشاھنى ساقلا» ( God Save the King) ناخشىسى ئېيتىلىۋاتقاندا دىققەت بىلەن تۇرغىنىدىن تېخىمۇ بەك نومۇس  قىلىدىغانلىقى شۈبھىسىز راستتۇر. ھالقىلىق يىللارنىڭ ھەممىسىدە نۇرغۇن سولچىلار ئەنگلىيەنىڭ روھىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، بەزىدە ئازراق تىنچلىقپەرۋەر، بەزىدە كۈچلۈك روسىيەپەرۋەر بولۇۋېلىشتى، ئەمما ھەمىشە ئەنگلىيەگە قارشى بىر پىكىرنى تارقىتىشقا تىرىشتى. بۇنىڭ قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ جەزمەن مەلۇم دەرىجىدە تەسىرى بولدى. ئەگەر ئەنگلىيە خەلقى ئۇرۇشتا بىر نەچچە يىل ئازاب تارتىدىغان بولسا روھىي جەھەتتىن تۆگىشىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە فاشىست دۆلەتلەر ئۇلارنى «چېكىندى» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە ئۇرۇشقا ئاتلىنىشنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. سولچىلاردىن كەلگەن بۇ زىيالىيلارچە بۇزغۇنچىلىق بۇنىڭغا قىسمەن جاۋابكار. « New Statesman» گېزىتىمۇ، «News Chronicle» گېزىتىمۇ ميۇنخېن كېلىشىمگە قارشى ئاۋاز چىقاردى، ئەمما ئۇلارمۇ بۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى مۇمكىن قىلىش ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلغانىدى. گېنراللارغا قارىتىلغان ئون يىللىق سىستېمىلىق مەسخىرە قىلىشلار (قورallىق جاھانگىر دېگەن گەپلەر) ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئەقلىي ئەمگەك قىلىدىغان يىگىتلەرنى قورallىق قىسملارغا كىرىشكە جەلپ قىلىشنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. ئىمپېرىيەنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقىدىكى سەۋەبمۇ، ئارمىيەدىكى ئوتتۇرا قاتلامنىڭ

چېكىنگەنلىكىدىن ئىدى، لېكىن يۈزەكى سولچىلىقنىڭ تارقىلىشى بۇ جەريانىنى تېزلەتتى.

ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە ئەنگلىيە زىيالىيلىرىنىڭ پۈتۈنلەي مەنپىي مەخلۇقلار، يەنى پەقەت كونا ھەربىي ئەمەلدارلارغا قارشى بولۇشتەك ئالاھىدە ئورنىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ئەخمەقلىقىنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلى ئىكەنلىكى ئېنىق. جەمئىيەت ئۇلارنى كېرەك قىلمىدى، ئۇلارمۇ دۆلەتكە «ياخشى كۆندىمۇ، يامان كۆندىمۇ» ساداقەت كۆرسىتىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلمىدى. كونا ھەربىي ئەمەلدارلارمۇ، ئالىي مەدەنىيەتلىك كىشىلەرمۇ خۇددى تەبىئەت قانۇنىدەك، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار ئارىسىدىكى ئايرىلىشنى ئۆزلۈكىدىن قوبۇل قىلدى. ئەگەر سىز ۋەتەنپەرۋەر بولسىڭىز، «Blackwood's Magazine» نى ئوقۇيسىز ۋە ئۆزىڭىزنىڭ «زېرەك ئەمەس» لىكىڭىز ئۈچۈن خۇداغا ئاشكارا رەھمەت ئېيتىسىز. ئەگەر سىز زىيالىي بولسىڭىز بايراق ئۈستىدىن كۈلۈپ، جىسمانىي جاسارەتنى ۋەھشىيلىك دەپ قارايسىز. بۇ ئەخمەقلىقنىڭ ئۇزاققىچە داۋام قىلمايدىغانلىقى ئېنىق. ئالىي مەدەنىيەتلىك ئادەم ئۆزىنىڭ ساختا كۈلۈشلىرى بىلەن كونا گېنراللاردەكلا ۋاقتى ئۆتكەن بىر نەرسىدۇر. زامانىۋى بىر دۆلەت بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار يەنە بىر قېتىم بىرلىشىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىزنىڭ بىر ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىمىز، شۇنداقلا ئىنتايىن ئۆزگىچە بىر خىل ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىمىز بۇنى مۇمكىن قىلىشى مۇمكىن.

6

ئۆتكەن يىگىرمە يىل ئىچىدە ئەنگلىيەدە يۈز بەرگەن ئەڭ مۇھىم تەرەققىياتلارنىڭ بىرى ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ يۇقىرىغا ۋە تۆۋەنگە كېڭىيىشىدۇر. بۇ شۇنداق بىر كۆلەمدە يۈز بەردىكى، جەمئىيەتنى بۇرژۇئازىيە، كاپىتالىستلار، پرولېتارلار ۋە كىچىك مۈلۈكدارلار دەپ تۆرگە ئايرىشنى ئاساسەن بىكار قىلىۋەتتى.

ئەنگلىيە مۈلۈك ۋە مالىيە ھوقۇقى ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قولىدا مەركەزلەشكەن بىر دۆلەتتۇر. زامانىۋى ئەنگلىيەدە كىيىم-كېچەك، ئۆي جاھازلىرى ۋە بەلكىم بىر ئۆيدىن باشقا ھېچنېمىگە ئىگە بولمىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز. دېھقانلار ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن، مۇستەقىل دۇكاندار يوقىتىلىۋاتىدۇ،

كىچىك سودىگەرلەرنىڭ سانى ئازلاۋاتىدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، زامانىۋى سانائەت شۇنچە مۇرەككەپكى، ئۇ نۇرغۇنلىغان باشقۇرغۇچىلار، مال ساتقۇچىلار، ئىنژېنېرلار، خىمىكلار ۋە خېلى يۇقىرى مائاش ئالىدىغان تېخنىكلار بولماي تۇرۇپ ئالدىغا ماڭالمايدۇ بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە دوختۇرلار، ئادۋوكاتلار، ئوقۇتقۇچىلار، سەنئەتكارلار قاتارلىق كەسپىي تەبىقىنى مەيدانغا كەلتۈردى. شۇڭلاشقا، ئىلغار كاپىتالىزمنىڭ مايىللىقى ئوتتۇرا تەبىقىنى يوقىتىۋېتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى كېڭەيتىش بولدى.

لېكىن بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ ئىدىيەلىرى ۋە ئادەتلىرىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدا تارقىلىشىدۇر. بىرىتانىيە ئىشچىلار سىنىپى ھازىر ھەممە جەھەتتە 30 يىل ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى ئەھۋالدا. بۇ ئىشچىلار ئويۇشمىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى، شۇنداقلا تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتى سەۋەبىدىندۇر. مائاش ئۆسمىسىمۇ دۆلەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ مەلۇم دائىرىدە ئۆسەلەيدىغانلىقى ھەمىشە تونۇپ يېتىلمەيدۇ. مەدەنىيەت مەلۇم بىر چەككە كەلگەندە، ئۆزىنى ئۆزى يۈكسەلدۈرىدۇ. جەمئىيەت قانچىلىك ئادالەتسىز بولسۇن، بەزى تېخنىكىلىق ئىلگىرىلەشلەر مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن جەمئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، چۈنكى بەزى  ماللار جەزمەن ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، بىر مىليونېر باشقا ئادەملەرگە كوچىلارنى قاراڭغۇ قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئۈچۈنلا كوچىلارنى يورۇتالمايدۇ. مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرى ھازىر ياخشى يوللارنىڭ، مىكروبسىز سۇنىڭ، ساقچىلارنىڭ قوغدىشىنىڭ، ھەقسىز كۇتۇپخانىلارنىڭ ۋە بەلكىم  ھەقسىز مائارىپنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن بولماقتا. ئەنگلىيەدىكى ئاممىۋى مائارىپ ئۇل جەھەتتىن ئىنتايىن ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساداقەتمەنلىك بىلەن قىلغان تىرىشچانلىقى، شۇنداقلا ئوقۇش ئادىتىنىڭ ئىنتايىن كەڭ تارقىلىشى سايىسىدا ياخشىلاندى. كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقان بايلارمۇ، نامراتلارمۇ ئوخشاش كىتابلارنى ئوقۇيدۇ، ئۇلار يەنە ئوخشاش كىنولارنى كۆرىدۇ ۋە ئوخشاش رادىئو پروگراممىلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى پەرقلەر ئەرزان كىيىملەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۆي-مۈلۈك جەھەتتىكى ياخشىلىنىشلار ئارقىلىق كىچىكلەشتۈرۈلدى. سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن ئېيتقاندا، باي بىلەن نامراتلارنىڭ كىيىملىرى، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ كىيىملىرى، 30 ھەتتا 15 يىل ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ پەرقلىنىپ

كەتمەيدۇ. ئۆي-مۈلۈك مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەنگلىيەدە ھازىرمۇ مەدەنىيەتكە داغ چۈشۈرىدىغان تاشلاندۇق ئۆيلەر بار، لېكىن ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە، يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن نۇرغۇن قۇرۇلۇشلار قىلىندى. مۇنچا ۋە توك چىرىغى بار زامانىۋى ئۆيلەر ئاكسىيە سودىگىرىنىڭ ۋىللا ئۆيىدىن كىچىكرەك، لېكىن ئىشچى-دېھقانلارنىڭ كۈلبىسىغا ئوخشىمايدىغان، تونۇغىلى بولىدىغان ئوخشاش بىر ئۆيدۇر. ئۆي-مۈلۈك رايونىدا چوڭ بولغان بىر ئادەم نامراتلار مەھەللىسىدە چوڭ بولغان بىر ئادەمگە قارىغاندا تېخىمۇ ئوتتۇرا تەبىقىچە قاراشقا ئىگە بولۇشى مۇمكىن، ھەمدە بۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەسىرى مۇئامىلىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇمشىشىدۇر. ئۇ زامانىۋى سانائەت ئۇسۇللىرىنىڭ ھەمىشە ئازراق مۇسكۇل كۈچى تەلەپ قىلىشقا، شۇڭلاشقا كىشىلەرنىڭ كۈندۈزلۈك خىزمىتى تاماملانغاندا تېخىمۇ كۆپ ئېنېرگىيەگە ئىگە بولۇشىغا يۈزلىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن. يېنىك سانائەتتىكى نۇرغۇن ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى دوختۇر ياكى باققالغا قارىغاندا ناچار دېگىلى بولمايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ئوتتۇرا تەبىقە ئادەت، مۇئامىلە ۋە كۆز قاراش جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ. ئادالەتسىز پەرقلەر يەنىلا مەۋجۇت، لېكىن ئەمەلىي پەرقلەر كىچىكلەۋاتىدۇ. كونا ئۇسلۇبتىكى «پرولېتار» (كۆينىكىنىڭ ياقىسى يوق، ساقىلى ئېلىنمىغان ۋە ئېغىر ئەمگەك بىلەن مۇسكۇللىرى چىقىپ كەتكەن كىشىلەر) ھازىرمۇ بار، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز ئازايماقتا؛ ئۇلار پەقەت ئەنگلىيەنىڭ شىمالىدىكى ئېغىر سانائەت رايونلىرىدىلا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

1918-يىلدىن كېيىن ئەنگلىيەدە ئىلگىرى ھېچقاچان مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان بىر نەرسە ــ ئىجتىمائىي تەبىقىسى ئېنىق بولمىغان كىشىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. 1910-يىلى بۇ ئاراللاردىكى ئىنسانلارنىڭ كىيىمى، مۇئامىلىسى ۋە تەلەپپۇزىغا قاراپلا ئۇلارنىڭ قايسى تەبىقىدە ئىكەنلىكى بىلىنەتتى. ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئەرزان ماشىنىلار ۋە سانائەتنىڭ جەنۇبقا قاراپ يۆتكىلىشى نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلغان يېڭى شەھەرچىلەردە ئۇنداق ئەمەس. كەلگۈسىدىكى ئەنگلىيەنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئىزدەيدىغان جاي يېنىك سانائەت رايونلىرى ۋە چوڭ تاشيوللارنىڭ ئەتراپىدۇر. چوڭ شەھەر ئەتراپىدىكى سلاۋ،

داگېنهام، بارنېت، لېتشۋورت، هايېس[34] قاتارلىق جايلاردا كونا ئەندىزە تەدرىجىي هالدا يېڭى بىر نەرسىگە ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئەينەك ۋە خىشلار بىلەن توشۇپ كەتكەن، كونا شەھەرنىڭ تاشلاندۇق يەرلىرىگە ئوخشمايدىغان قاقاسلىقلار، تاشلاندۇق ئۆيلەر ۋە سارايلار، يېزىلاردىكى چوڭ ئۆيلەر ۋە مەينەت كولبىلەر ئەمدى مەۋجۇت ئەمەس. كىرىم جەھەتتىن چوڭ پەرقلەر بار، لېكىن ئوخشىمىغان سەۋىيەلەردە، بېتون يوللار بويىدا، ئادەم كۆچىنى تېجەيدىغان قولايلىق ئۆيلەردە، سۇ ئۇزۇش كۆللىرىنىڭ يالىڭاچ دېموكراتىيەسى ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇش ئوخشاش بىر خىل تۇرمۇشتۇر. بۇ كونسېرۋالىق تاماق، رەسىملىك ژۇرنال، رادىئو ۋە ئىچىدىن يانىدىغان ماتور ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن، تىنىمسىز، مەدەنىيەتسىز بىر تۇرمۇشتۇر. بۇ، باللار ماگنېتلىق توك ماتورلىرىنى ئوبدان بىلىدىغان، ئەمما مۇقەددەس كىتابتىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر هالدا چوڭ بولىدىغان بىر مەدەنىيەتتۇر. زامانىۋى دۇنيادا ئۆزىنى ئەڭ راھەت ھېس قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ تەۋە بولغان كىشلەر، يەنى تېخنىكلار ۋە يۇقىرى مائاشلىق ماھىر ئىشچىلار، ئاۋىئاتسىيە خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مېخانىكلىرى، رادىئو مۇتەخەسسىسلىرى، كىنو ئىشلىگۈچىلەر، ئامىۋى ژۇرنالىستلار ۋە سانائەت خىمىكلىرى مۇشۇ مەدەنىيەتكە تەۋەدۇر. ئۇلار كونا سىنىپىي پەرقلىنىشلەر ۋەيران بولۇشقا باشلايدىغان ئېنىقسىز قاتلامدۇر.

بۇ ئۇرۇش، ئەگەر بىز مەغلۇپ بولمىساق، مەۋجۇت سىنىپىي ئىمتىيازلارنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقىتىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ داۋاملىشىشىنى خالايدىغان كىشىلەر كۈنسېرى ئازايماقتا. ئەندىزە ئۆزگەرگەنسېرى ئەنگلىيەدىكى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە خاس تەمىنى يوقىتىپ قويۇشىدىنمۇ قورقۇشىمىز ھاجەتسىز. چوڭ لوندوننىڭ يېڭى قىزىل شەھەرلىرى تېخى يېڭى، لېكىن بۇلار پەقەت ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ كېلىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئىشلار. ئەنگلىيە ئۇرۇشتىن قايسى شەكىلدە چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىلگىرى تىلغا ئالغان ئالاھىدىلىكلەر بىلەن چوڭقۇر بويالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ روسىيەلەشتۈرۈلگەن ياكى گېرمانلاشتۇرۇلغانلىقىنى

[34] Slough, Dagenham, Barnet, Letchworth, Hayes ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقان، سانائەت، تارىخىي ئىشچىلار مەھەللىلىرى ياكى ئەپچىل پىلانلانغان «باغچا شەھەر» (Garden City) ئۈلگىلىرى بىلەن تونۇلغان مۇھىم قاتناش، ئولتۇراق ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەركەزلىرى.

كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغان زىيالىيلار ئۈمىدسىزلىنىدۇ. سىلىق-سىپايىلىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ئويلانماسلىق، قانۇنغا بولغان ھۆرمەت ۋە ھەربىي فورملارغا بولغان نەپرەت سۇۋەت تاتلىقلىرى[35] ۋە تۇمانلىق ئاسمانلار بىلەن بىرگە قالىدۇ. مىللىي مەدەنىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن چەت ئەل دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان بويسۇندۇرۇشىغا ئوخشاش ناھايىتى چوڭ بىر پاجىئە كېرەك. ئاكسىيە بازىرى ۋەيران قىلىنىدۇ، ئات كۈچى تراكتورغا ئورۇن بېرىدۇ، دالا ئۆيلىرى باللارنىڭ تەتىل لاگېرلىرىغا ئايلىنىدۇ، ئىتون بىلەن ھارروۋ مۇسابىقىسى[36] ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، ئەمما ئەنگلىيە يەنىلا ئەنگلىيە بولۇپ قالىدۇ، ئۇ كەلگۈسى ۋە ئۆتمۈشكە سوزۇلغان مەڭگۈلۈك بىر جانلىق بولۇپ، بارلىق جانلىقلارغا ئوخشاش تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنىلا ئۆز ھالىتىدە قېلىش كۈچىگە ئىگە.

[35] «Suet pudding»(سۇۋەت پۇدىڭى) — ئەنگلىيەنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە تارىخىي تاتلىق تۈرۈمى ياكى تامىقى بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى ھايۋاناتلارنىڭ (ئادەتتە قوي ياكى كالا گۆشىنىڭ) ئاشقازان ياكى بۆرەك ئەتراپىدىكى قاتتىق ياغ قەۋىتىدىن ياسالغان. بۇنداق پۇدىڭلار ئۇزۇن ۋاقىت پاردا پىشۇرۇلغاچقا، ئىچى يۇمشاق ھەم تولىمۇ تويۇنۇشلۇق كېلىدۇ. ئۇنى ئۆزگىچە مېۋىلەر (مەسىلەن، قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم) بىلەن تاتلىق-تۈرۈم قىلىش ياكى گۆش ۋە لەغمەن قىيامىلىرى بىلەن ئىستېمال قىلىشمۇ مۇمكىن. بۇ تاماق ئەنگلىيە ئاشپەزلىكىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ يۇقىرى كالورىيەلىك يېمەكلىك بولغاچقا، تارىختا ئىشچىلار ۋە ئادەتتىكى خەلق ئارىسىدا كۆپ ئىستېمال قىلىنغان.

[36] «Eton and Harrow Match» — ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ مەشھۇر، تارىخىي ھەم ئېسىلزادە ئىككى خۇسۇسىي مەكتىپى—ئېتون مەكتىپى بىلەن ھارروۋ مەكتىپى ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە. بۇ مۇسابىقىنىڭ تارىخى 1805-يىلىغا بارىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى مەكتەپلەر ئارا كرىكېت مۇسابىقىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە لوندوندىكى مەشھۇر «**Lord's Cricket Ground**» مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ پەقەت بىر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيەنىڭ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرى، كونا ئوقۇغۇچىلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى يىغىلىپ، ئۆزگىچە كىيىم-كېچەك، مەسىلەن، سىلىندىر قالپاق ۋە رەسمىي كاستوملار بىلەن قاتنىشىدىغان، يەرلىك جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى سەيلە-بايرىمىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىجتىمائىي پائالىيىتى.

## ئىككىنچى قىسىم: ئۈرۈمچىكى دۇكاندارلار

1

مەن بۇ كىتابنى گېرمانلارنىڭ بومبىلىرى گۇمبۇرلەپ چۈشۈۋاتقاندا باشلىغان ئىدىم، ھازىر ئىككىنچى بابنى قالدۇق پارتلاش سادالىرى ئىچىدە باشلاۋاتىمەن. ساپسېرىق زەمبىرەك ئوقلىرى ئاسماننى يورۇتماقتا، پارتىلىغان نەرسىلەر ئۆگزىلەرگە چېچىلىۋاتىدۇ، لوندون كۆۋرۈكى يىقىلىۋاتىدۇ، يىقىلىۋاتىدۇ، يىقىلىۋاتىدۇ. خەرىتە ئوقۇيالايدىغان ھەرقانداق ئادەم بىزنىڭ ئۆلۈم خەۋپى ئاستىدا ئىكەنلىكىمىزنى بىلىدۇ. مەن بىزنىڭ يېڭىلگەنلىكىمىزنى ياكى يېڭىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتىۋاتقىنىم يوق. نەتىجىنىڭ ئۆز ئىرادىمىزگە باغلىق ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. لېكىن بۇ پەيتتە بىز جەڭ قايىنىمىغا پاتتۇق، ئاستىمىز بەش فۇت چوڭقۇرلۇقتا، ھەمدە بىز بۇ يەرگە ئۆزىمىز ھازىرمۇ سادىر قىلىۋاتقان، ئەگەر يولىمىزنى تېزدىن ئوڭشىۋالمىساق بىزنى پۈتۈنلەي غەرق قىلىۋېتىدىغان ئەخمەقلىقلەر تۈپەيلىدىن ئېلىپ كېلىندۇق.

بۇ ئۈرۈش كۆرسەتكەن نەرسە شۇكى، خۇسۇسىي كاپىتالىزم (يەنى زېمىنلار، زاۋۇتلار، كانلار ۋە قاتناشلار خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىنىدىغان ۋە پەقەت پايدا ئېلىش ئۈچۈنلا باشقۇرۇلىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈم) ئىشلىمەيدۇ. ئۇ لازىملىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ. بۇ پاكىت نەچچە يىلدىن بېرى مىليونلىغان كىشىلەرگە مەلۇم ئىدى، ئەمما ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى، چۈنكى كاپىتالىزمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇنى ئاغدۇرىدىغان ھەقىقىي تۈرتكە يوق ئىدى، ئۇستىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنى دەل مۇشۇ نۇقتىدا تۇتۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئەخمەق قىلىشقا مەشقلەندۈرگەنىدى. مۇنازىرە ۋە تەشۋىقاتلار ئادەملەرنى ھېچقانچە ئىلگىرىلەتمىدى. مۈلۈك خوجايىنلىرى ئاددىيلا قىلىپ ئورۇندۇقلىرىغا ئولتۇردى ۋە ھەممە ئىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. قانداقلا بولمىسۇن، گىتلېرنىڭ ياۋروپانى بويسۇندۇرۇشى كاپىتالىزمنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن يالغانلىقىنى ئاشكارىلاش بولدى. ئۇرۇش، بارلىق رەزىللىكلىرىگە قارىماي، كۈچ سىناش ماشىنىسىغا ئوخشاش، قانداقلا بولمىسۇن رەت قىلغىلى بولمايدىغان كۈچ سىنىقىدۇر. چوڭ كۈچ تەڭگىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، شۇنداقلا نەتىجە يارىتىشنىڭ ھېچقانداق يولى يوق.

پاراخوت بۇرنى[37] تۇنجى قېتىم ئىجاد قىلىنغان ۋاقىتتا، بۇرۇنلۇق پاراخوتلار ياكى تاختىلىق پاراخوتلارنىڭ قايىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا يىللارچە داۋاملاشقان بىر تالاش-تارتىش بولغانىدى. تاختىلىق پاراخوتلارمۇ، كونىراپ كەتكەن نەرسىلەرگە ئوخشاش، ئۇلارنى ئەقلىي دەلىللەر بىلەن قوللايدىغان تەرەپدارلىرىغا ئىگە ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئاخىرىدا داڭلىق بىر دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى ئوخشاش ئات كۈچىگە ئىگە بۇرۇنلۇق پاراخوت بىلەن تاختىلىق پاراخوتنى قۇيرۇقىدىن بىر-بىرىگە باغلاپ، ماتورلىرىنى قوزغاتتى ۋە بۇ مەسىلىنى بىر يولىلا بىر تەرەپ قىلدى. نورۋېگىيە ۋە فىلاندىيە مەيدانلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش يۈز بەردى. پىلانلىق ئىشنىڭ ئۈنۈمىسىز ئىكەنلىكى بىر يولىلا ئىسپاتلاندى. لېكىن بۇ يەردە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان، ناھايىتى كۆپ سۇيىئىستېمال قىلىنىدىغان «سوتسىيالىزم» ۋە «فاشىزم» دېگەن سۆزلەرگە مەلۇم دەرىجىدە ئېنىقلىما بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

سوتسىيالىزمغا ئادەتتە «ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئورتاق ئىگىدارچىلىقى» دەپ ئېنىقلىما بېرىلىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا: پۈتۈن مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەت ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىدۇ، ۋە ھەممە ئادەم دۆلەت خىزمەتچىسى بولىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە ئۆي جاھازلىرى قاتارلىق شەخسىي مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، لېكىن بۇ زېمىن، كان، پاراخوت ۋە ماشىنا قاتارلىق بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ماللىرىنىڭ دۆلەتنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. دۆلەت بىردىنبىر چوڭ كۆلەمدىكى ئىشلەپچىقارغۇچىدۇر. سوتسىيالىزمنىڭ ھەممە جەھەتتىن كاپىتالىزمدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، لېكىن كاپىتالىزمدىن

---

[37] Nautical screw (پاراخوت بۇرنى / پاراخوت ھەيدەش نەيچىسى) — پاراخوتلارنى سۇ ئۈستىدە ياكى سۇ ئاستىدا ئالدىغا ياكى ئارقىغا ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، ئايلىنىش ئارقىلىق سۇنى ئارقىغا ئىتتىرىپ موتور كۈچىنى سۈرئەتكە ئايلاندۇرىدىغان ئايلانما پەررەك (سۇ پەررەكى ياكى پاراخوت پروفېللىرى) سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. 19-ئەسىرنىڭ بېشىدا پاراخوتلارنى ئىتتىرىش ئۈچۈن كونا تاختا پەررەكلەر (paddle wheels) ئىشلىتىلگەن بولسا، پاراخوت بۇرنى ئەڭ دەسلەپ جون ئېرىكسون ۋە فرانسىيەلىك ئىجادكارلار تەرىپىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ھەمدە زامانىۋى پاراخوت ياساش سانائىتىدە ئىنقىلاب پەيدا قىلغان.

پەرقلىق هالدا ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال مەسىلىلىرىنى هەل قىلالايدۇ. نورمال ۋاقىتلاردا كاپىتالىستىك ئىقتىساد ئۆزى ئىشلەپچىقارغان هەممە نەرسىنى ئىستېمال قىلالمايدۇ، شۇڭلاشقا هەمىشە ئىسراپ بولغان ئارتۇقچە ماللار (كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بۇغداي، دېڭىزغا تۆكۈۋېتىلگەن ماهالە بېلىقلىرى قاتارلىقلار) ۋە هەمىشە ئىشسىزلىق بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇ ئۆزىگە ئېهتىياجلىق بولغان هەممە نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىشتا قىينىلىدۇ، چۈنكى كىمنىڭدۇر ئۇنىڭدىن پايدا ئېلىش يولىنى كۆرمىگۈچە هېچنېمە ئىشلەپچىقىرىلمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىدا بۇ مەسىلىلەر مەۋجۇت ئەمەس. دۆلەت پەقەت قايسى ماللارنىڭ ئېهتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى هېسابلايدۇ ۋە ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش پەقەت ئەمگەك كۈچى ۋە خام ئەشيا مىقدارى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئېچكى مەقسەتلەر ئۈچۈن پۇل سىرلىق، هەممىگە قادىر بىر نەرسە بولۇشتىن توختاپ، شۇ پەيتتە بار بولغان ئىستېمال ماللىرىنى سېتىۋېلىشقا يېتەرلىك مىقداردا تارقىتىلىدىغان ئىناۋەتلىك بېلەت ياكى تالونغا ئايلىنىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا «ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئورتاق ئىگىدارچىلىقى» نىڭ ئۆزىلا سوتسىيالىزمنىڭ يېتەرلىك ئېنىقلىمىسى ئەمەسلىكى ئېنىق بولۇپ قالدى. يەنە تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇش كېرەك: كىرىملەرنىڭ تەخمىنەن تەڭپۇڭلۇقى (ئۇ پەقەت تەخمىنەن بولسىمۇ يېتەرلىك)، سىياسىي دېموكراتىيە، ۋە بارلىق ئىرسىي ئىمتىيازلارنىڭ، بولۇپمۇ مائارىپتىكى ئىمتىيازلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى. بۇلار سىنىپىي سىستېمىنىڭ قايتا پەيدا بولۇشىغا قارشى زۆرۈر كاپالەتلەردۇر. ئەگەر خەلق ئاممىسى دەل ئوخشاش بىر سەۋىيەدە ياشىمىسا ۋە هۆكۈمەت ئۈستىدىن مەلۇم دەرىجىدە كونترول قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولمىسا، مەركەزلەشكەن ئىگىدارچىلىقنىڭ ئانچە كۆپ مەنىسى بولمايدۇ. دۆلەت ئۆزى سايلىۋالغان بىر سىياسىي پارتىيەدىن باشقا نەرسە بولمايدىغان دەرىجىگە كېلىشى مۇمكىن، شۇنداقلا ئاز سانلىقلارنىڭ هۆكۈمرانلىقى ۋە ئىمتىيازى پۇلغا ئەمەس، بەلكى هوقۇققا ئاساسلىنىپ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن.

لېكىن ئۇنداقتا فاشىزم دېگەن نېمە؟

فاشىزم، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ گېرمانچە نۇسخىسى، ئۇرۇش مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئۇنى ئۈنۈملۈك قىلىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىلا سوتسىيالىزمدىن ئالىدىغان بىر خىل كاپىتالىزم شەكلىدۇر. ئىچكى جەھەتتىن، گېرمانىيە سوتسىيالىستىك بىر دۆلەت بىلەن نۇرغۇن ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئىگىدارچىلىق ھەرگىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان، يەنىلا كاپىتالىستلار ۋە ئىشچىلار مەۋجۇت، ھەمدە ـ بۇ مۇھىم نۇقتا، ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى بايلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئومۇمەن فاشىزمغا خەيرخاھ بولۇشقا مايىل بولۇشىدىكى ھەقىقىي سەۋەب ـ ناتسىستلار ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقىدەكلا ئادەملەر يا كاپىتالىست ياكى ئىشچى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، پەقەت ناتسىستلار پارتىيەسىلا بولغان دۆلەت ھەممە نەرسىنى كونترول قىلىدۇ. ئۇ مەبلەغ سېلىش، خام ئەشيا، ئۆسۈم نىسبىتى، خىزمەت ۋاقتى، مائاشلارنى كونترول قىلىدۇ. زاۋۇت خوجايىنى يەنىلا ئۆز زاۋۇتىغا ئىگە، ئەمما ئۇ ئەمەلىي مەقسەتلەر ئۈچۈن باشقۇرغۇچى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن. مائاشلارنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە ئادەم ئەمەلىيەتتە بىر دۆلەت خىزمەتچىسىدۇر. بۇنداق بىر سىستېمىنىڭ ئۈنۈمدار بولۇشى، ئىسراپچىلىق ۋە توسالغۇلارنىڭ يوقىتىلىشى ئېنىق. يەتتە يىل ئىچىدە ئۇ دۇنيا كۆرۈپ باققان ئەڭ كۈچلۈك ئۇرۇش ماشىنىسىنى بەرپا قىلدى.

لېكىن فاشىزمنىڭ تۈپ ئىدىيەسى سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدىن پەرقلىنىدۇ. سوتسىيالىزم ئاخىرقى ھېسابتا ئەركىن ۋە تەڭپۇڭ ئىنسانلاردىن تەركىب تاپقان دۇنياۋى بىر دۆلەتنى نىشان قىلىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھوقۇق تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆزلۈكىدىن قوبۇل قىلىدۇ. ناتسىزم دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشنى پەرەز قىلىدۇ. ناتسىستلار ھەرىكىتىنىڭ ئارقىسىدىكى تۈرتكىلىك كۈچ ئۇلار ئىنسانلارنىڭ تەڭ ـ باراۋەر ئەمەسلىكىگە، گېرمانلارنىڭ باشقا بارلىق ئىرقلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە، گېرمانلارنىڭ دۇنيانى باشقۇرۇشى كېرەكلىكىگە ئىشىنىدۇ. گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سىرتىدا ئۇ ھېچقانداق مەجبۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. داڭلىق ناتسىست پروفېسسورلىرى شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، پەقەت شىمالىي ياۋروپالىق ئادەملا تولۇق ئىنساندۇر، ھەتتا شىمالىي ياۋروپالىق بولمىغان خەلقلەرنىڭ (بىزگە ئوخشاش) گورىللالار بىلەن جۈپلىشەلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى! شۇڭلاشقا، گېرمانىيە تەۋەسىدە ھەربىي سوتسىيالىزم مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇنىڭ بويسۇندۇرۇلغان دۆلەتلەرگە

بولغان پوزىتسىيىسى ئاشكارا ھالدا بىر تالان-تاراج قىلغۇچىنىڭ پوزىتسىيىسىدۇر. چېخلار، پولەكلەر، فىرانسۇزلارنىڭ ۋەزىيىتى پەقەت گېرمانىيەگە ئېھتىياجلىق بولغان ماللارنى ئىشلەپچىقىرىش، بۇنىڭ بەدىلىگە جېنىنى ساقلاپ قالغۇدەك دەرىجىدىلا ئاز نەرسىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت. ئەگەر بىز بويسۇندۇرۇلساق، بىزنىڭ ۋەزىيىتىمىز بەلكىم گىتلېرنىڭ رۇسىيە ۋە ئامېرىكا بىلەن بولىدىغان كېيىنكى ئۇرۇشلىرى ئۈچۈن قورال ئىشلەپچىقىرىش بولىدۇ. ناتسىستلار ئەمەلىيەتتە ھىندۇ دىنىدىكىلەرگە خېلى يېقىن كېلىدىغان تۆت ئاساسلىق تۇغما قاتلامدىن تۈزۈلگەن بىر خىل سىنىپىي سىستېمىنى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىدۇ. ئەڭ ئۈستىدە ناتسىستلار پارتىيەسى تۇرىدۇ، ئىككىنچى ئورۇندا گېرمانىيە خەلقى، ئۈچىنچى ئورۇندا بويسۇندۇرۇلغان ياۋروپا ئاھالىلىرى تۇرىدۇ. تۆتىنچى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئورۇندا رەڭلىك ئىرقلار[38] يەنى گىتلېر ئاتىغان «يېرىم مايمۇنلار» تۇرىدۇ، ئۇلار پۈتۈنلەي ئاشكارا ھالدا قۇللۇققا چۈشۈرۈلىدۇ.

بۇ سىستېما بىزگە قانچىلىك قورقۇنچلۇق كۆرۈنسمۇ، كارغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇ مەلۇم بىر مەقسەتكە، يەنى دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا قارىتىلغان پىلانلىق بىر سىستېما بولۇپ، ، مەيلى كاپىتالىست ياكى ئىشچى بولسۇن، ھېچقانداق شەخسىي مەنپەئەتنىڭ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇشىغا يول قويمايدۇ. بىرىتانىيە كاپىتالىزمى بۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۇ خۇسۇسىي پايدىغا مەركەزلەشكەن رىقابەت سىستېمىسى بولۇپ، بارلىق كۈچلەر ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىدىغان ھەممە شەخسنىڭ مەنپەئىتى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان بىر سىستېمىدۇر.

ھالقىلىق يىللاردا بىرىتانىيە كاپىتالىزمى، غايەت زور سانائەت زاۋۇتى ۋە تەڭداشسىز تەمىناتى بىلەن ماھارەتلىك ئەمگەك كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇرۇشقا تەييارلىنىش بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. زامانىۋى كۆلەمدىكى ئۇرۇشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن مىللىي كىرىمىڭىزنىڭ كۆپ قىسمىنى قورال-ياراغلارغا ئاجرىتىشىڭىز كېرەك، بۇ ئىستېمال ماللىرىنى ئازايتىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىر بومباردىمانچى ئايروپىلاننىڭ باھاسى نۇرغۇن كىچىك ماشىنىغا، سەككىز

[38] رەڭلىك ئىرقلار — ياۋروپالىققا نىسبەتەن ئاز سانلىق مىللەتلەر، مەسىلەن ئافرىقىلىقلار، ئەرەبلەر، ھىندىلار، ختايلار دېگەندەك.

مىڭ جۈپ يىپەك پايپاقنى، ياكى بىر مىليون دانە نانغا تەڭ. ئېنىقكى، دۆلەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى تۆۋەنلەتمەي تۇرۇپ نۇرغۇن بومباردىمانچى ئايروپىلانلارغا ئېرىشەلمەيسىز. مارشال گېرىڭ ئېيتقاندەك، بۇ يەردە گەپ قورال ياكى ماي ھەققىدە بولۇۋاتىدۇ. لېكىن چېمبىرلېيننىڭ ئەنگلىيەسىدە بۇ ئۆتكۈنچى جەرياننى قىلغىلى بولمايتتى. بايلار ئېغىر باج تۆلىگىلى ئۇنىمايتتى، شۇنداقلا بايلار قالتىس باي ياشاۋاتقاندا، نامراتلارغا بەك ئېغىر باج سېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پايدا ئاساسلىق مەقسەت بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ ئىستېمال ماللىرىدىن قورال-ياراغلارغا ئۆتۈش ئۈچۈن ھېچقانداق تۈرتكىسى يوق ئىدى. سودىگەرنىڭ بىرىنچى بۇرچى پايچېكلىرىغا ھېساب بېرىش ئىدى. بەلكىم ئەنگلىيەگە تانكىلار لازىمدۇ، لېكىن ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش تېخىمۇ كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئۇرۇش ماتېرىياللىرىنىڭ دۈشمەنگە يېتىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەقىلغا مۇۋاپىق بىر ئىش، لېكىن ئەڭ يۇقىرى بازاردا سېتىش بىر سودا بۇرچىدۇر. 1939-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرىدىلا، ئەنگلىيەلىك سودىگەرلەر بىر ھەپتە ياكى ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇرۇش باشلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، گېرمانىيەگە قەلەي، كاۋچۇك، مىس سېتىشتا بەسلىشىپ يۈرەتتى. بۇ خۇددى بىرسىنىڭ بوينىڭىزنى كېسىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇسترا سېتىپ بەرگەنلىك ئىدى. لېكىن بۇ «ياخشى سودا» ئىدى.

ئۇنىڭ ھازىرقى نەتىجىلىرىگە قاراڭ. 1934-يىلدىن كېيىن گېرمانىيەنىڭ قايتا قوراللىنىۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى. 1936-يىلنىڭ بېشىدا كۆزى بار ھەربىي ئادەم ئۇرۇشنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. 1939-يىلى 9-ئايدا ئۇرۇش باشلاندى. تەخمىنەن سەككىز ئايدىن كېيىن بىرىتانىيە ئارمىيەسىنىڭ 1918-يىلدىكى ئۆلچەمدىن ئارانلا ئۆتكەنلىكى بايقالدى. بىز ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بىر ئايروپىلانغا قارشى ئۈچ ئايروپىلان، تانكىلارغا قارشى مىلتىقلار، مىلتىقلارغا قارشى بايونېتلار بىلەن قىرغاققا قاراپ ئۈمىدسىزلىك بىلەن جەڭ قىلىپ بارغانلىقىنى كۆردۇق. ھەتتا ھەممە ئوفىتسېرلارنى تەمىنلەشكە يېتەرلىك مىلتىقلارمۇ يوق ئىدى. بىر يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ ئارمىيەدە 300 مىڭ دانە مىس قالپىقى يېتىشمەيتتى. ھەتتا بۇرۇن ئادەتتىكى ھەربىي فورملارمۇ كەمچىل ئىدى. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ يۈك ماللىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەرنىڭ بىرىدە يۈز

بەرگەن ئىدى! پۇلدارلار سىنىپى ئۆز تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىشنى خالىماي، فاشىزمنىڭ ۋە زامانىۋى ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىگە كۆز يۇمغانىدى.

يالغان ئۈمىدۋارلىق تەشۋىقاتلىرىغا تايىنىپ ياشايدىغان، شۇڭلاشقا سودا شارائىتىنى نورمال ساقلاشقا قىزىقىدىغان ئەخلەت گېزىتلەر خەلقكە سۇنۇلدى. يىلدىن-يىلغا بىۋەربىروك گېزىتى[39] بىزگە چوڭ ماۋزۇلار بىلەن «ھېچقانداق ئۇرۇش بولمايدۇ» دەپ كاپالەت بەردى، ھەتتا 1939-يىلىنىڭ بېشىدىمۇ لورد رۆتېرمىر گىتلېرنى «ئۇلۇغ ئەپەندى» دەپ تەرىپلەپ يۈردى. ئۇرۇش ئاپتى مەزگىلىدىكى ئەنگلىيەدە پاراخوتلاردىن باشقا ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى، ئوق-دورىلار كەمچىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئاپتوموبىللار، تۆت چاپانلار، گراموفونلار، لەۋ سۇرۇخلىرى، شاكىلاتلار ياكى يىپەك پايپاقلارنىڭ كەمچىل بولغانلىقى خاتىرىلەنمىگەن. شەخسىي پايدا بىلەن ئاممىۋى ئېھتىياج ئارىسىدىكى بۇ تالاش-تارتىشلارغا كىم جۈرئەت قىلالايدۇ؟ ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، لېكىن سودا پايدا ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك. سىز بىر گېزىتنى ئېچىشىڭىز بىلەنلا بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى ئېقىمىنىڭ يانمۇ-يان كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. بىر بەتتە ھۆكۈمەتنىڭ سىزنى تېجەشلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. يەنە بىر بەتتە بولسا مال ساتقۇچى سىزنى قىممەت بۇيۇمغا پۇل خەجلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن قەرز بېرىڭ، لېكىن گىننەس سىزگە پايدىلىق. **Spitfire** ئايروپىلانى سېتىۋېلىڭ،

---

[39] Beaverbrook Press(بىۋەربىروك مەتبەئەسى / گېزىتخانىسى) — 20-ئەسىردە ئەنگلىيەدە مەشھۇر بولغان، ئەڭ كۆپ ئوقۇرمەنگە ئىگە گېزىتلەرنى نەشر قىلغان مەتبەئە ۋە تاراتقۇ گۇرۇپپىسى. بۇ گۇرۇپپا كۆزگە كۆرۈنەرلىك سىياسەتچى، مىليونېر ۋە گېزىت ماگناتى ماكس ئاتىكەن (Max Aitken) ، يەنى لورد بىۋەربىروك (Lord Beaverbrook) تەرىپىدىن قۇرۇلغان .بىۋەربىروك مەتبەئەسى ئاستىدا ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيەدە ئەڭ كۆپ ساتىدىغان *Daily*» «*Express* ، «*Sunday Express*» ۋە «*Evening Standard*» قاتارلىق داڭلىق گېزىتلەر نەشر قىلىنغان.

بۇ گېزىتخانىلار ئەنگلىيەنىڭ سىياسىي ھاياتىغا، ئاممىۋى پىكىرىگە ۋە سايلاملىرىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. جورج ئورۋېل قاتارلىق يازغۇچىلار ۋە زامانىۋى تەنقىدچىلەر بۇ خىل كەڭ كۆلەملىك تاراتقۇلارنى ئاممىنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرىدىغان، سىياسىي جەھەتتىن مىللەتچىلىك ياكى مۇتەئەسسىپلىكنى كۈچەيتىدىغان سىستېمىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە تەنقىدىي روھ بىلەن تىلغا ئالغان.

شۇنداقلا Haig and Haig، Pond's يۈز مەلھىمى ۋە Black Magic چىكولادلىرىنىمۇ سېتىۋېلىڭ.

لېكىن بىر نەرسە ئۈمىد بېرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ جامائەت پىكرىدىكى كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشتۇر. ئەگەر بىز بۇ ئۇرۇشتىن ئامان قالالىساق، فلاندېرستىكى مەغلۇبىيەت ئەنگلىيە تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. بۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك پاجىئەدە ئىشچىلار سىنىپى، ئوتتۇرا تەبىقە ھەتتا سودىگەرلەرنىڭ بىر قىسمى خۇسۇسىي كاپىتالىزمنىڭ پۈتۈنلەي چىرىكلىكىنى كۆرەلىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن كاپىتالىزمغا قارشى دەلىل ھېچقاچان ئىسپاتلانمىغانىدى. روسىيە، يەنى بىردىنبىر سوتسىيالىستىك دۆلەت ئارقىدا قالغان ۋە ناھايىتى يىراق ئىدى. بارلىق تەنقىدلەر تولۇم چاشقاندەك بانكىرلارنىڭ ۋە مىس چىراي پايچىك دۆكاللىرىنىڭ كۈلكىلىرىگە قارىتىلغانىدى. سوتسىيالىزممۇ؟ ھا! ھا! ھا! پۇل قەيەردىن كېلىدۇ؟ ھا! ھا! ھا! مۈلۈك خوجايىنلىرى ئۆز ئورۇندۇقلىرىدا مۇستەھكەم تۇراتتى، ۋە ئۇلار بۇنى بىلەتتى. لېكىن فىرانسۇزلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ كەتكىلى بولمايدىغان، بانكىنىڭ چەك دەپتىرىمۇ ئىشلىمەيدىغان، ساقچىلارمۇ كارغا كەلمەيدىغان بىر نەرسە - بومباردىمان پەيدا بولدى. غۇي- بوم! ئۇ نېمە؟ ئاكسىيە بازىرىغا چۈشكەن بىر بومبا. غۇي - بوم! كىمنىڭدۇر قىممەتلىك تاشلاندۇق ئۆيلىرىدىن يەنە بىر مو يەر ۋەيران بولدى. گىتلېر ھېچ بولمىغاندا لوندون شەھرىنى يىغلاتقان ھەم كۈلدۈرگەن ئادەم سۈپىتىدە تارىختا قالىدۇ. ھاياتىدا تۇنجى قېتىم راھەت ياشاۋاتقانلار بىئارام بولدى، ئۈمىدۋار ئادەملەر بىرەر ئىشنىڭ خاتا كەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ناھايىتى چوڭ ئىلگىرىلەش ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، كىشىلەر پىلانلىق ئىقتىسادنىڭ ئەڭ ناچار ئادەممۇ غەلىبە قىلىدىغان بىر نەرسە ئىكەنلىكىگە رەسمىي قايىل بولۇشقا باشلىدى.

2

سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئارىسىدىكى پەرق ئاساسلىقى تېخنىكا پەرقى ئەمەس. بىر كىشى زاۋۇتقا بىر پارچە ماشىنىنى ئورنىتىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئورنىدا زاۋۇتنى كونترول قىلغۇچىلار بىلەن ئىشلىرىنى ئىلگىرىكىدەكلا داۋاملاشتۇرغاندەك، بىر سىستېمىدىن يەنە بىر سىستېمىغا ئاددىيلا ئۆتۈپ

كېتەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، تولۇق هوقۇق ئۆزگىرىشمۇ— يېڭى قان، يېڭى ئادەملەر، يېڭى ئىدىيەلەر، يەنى ھەقىقىي مەنىدىكى بىر ئىنقىلابمۇ زۆرۈر.

مەن ئىلگىرى ئەنگلىيەنىڭ ساغلاملىقى ۋە بىرلىكى، ھەممە تەبىقىلەرنى بىر يىپتەك باغلاپ تۇرىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا سۆزلىگەن ئىدىم. دۇنيانىڭ ئۇ يېرىدىن-بۇ يېرىدىن ئەقلى بار، كۆزى بار ھەربىي ئادەم بۇنى كۆرەلەيتتى. لېكىن شۇ پەيتتىكى ۋەدىنىڭ ئورۇنلانمىغانلىقىنى ئېيتىش ئەخمەقلىقتۇر. كۆپلىگەن خەلقنىڭ ھازىر زۆرۈر بولغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە تەييار ئىكەنلىكى شۈبھىسىز؛ لېكىن ئۇ ئۆزگىرىشلەر تېخى يۈز بېرىشكە باشلىغىنى يوق.

ئەنگلىيە ناتوغرا ئەزا ئەزالىرى كونترول قىلىۋاتقان بىر ئائىلىدۇر. بىز پۈتۈنلەي دېگۈدەك بايلار ھەممە تۇغۇلۇپلا ھۆكۈمرانلىق ئورۇنلىرىغا قەدەم بېسىۋاتقان كىشىلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتىمىز. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا خىيانەتچىلەر ئاز، بەزىلىرى ھەتتا ئەخمەقمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇلار بىر سىنىپ سۈپىتىدە بىزنى غەلىبىگە باشلاشقا پۈتۈنلەي قادىر ئەمەس. ماددىي مەنپەئەتلىرى ئۇلارنى ئۇزلۇكسىز قىستاپ تۇرمىغان بولسا، ئۇلار بۇنى قىلالمايتتى. مەن ئىلگىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئۇلار باشقىلار تەرىپىدىن كولدورلىتىلغان. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، پۇلنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋر سۈرۈۋاتقان جەمئىيەتتە كىشىلەر قايسى ئەسىردە ياشاۋاتقانلىقىنى ياكى قايسى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەيدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ بۇرۇنقىلار ئېلىپ بارغان 1914- 1918-يىللاردىكى ئۇرۇشنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشتىن ئۆتە ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئىش يوق. كونىلار يەنە ئۆز خىزمىتىگە قايتىپ كەلدى، يىگىرمە يىلدا ئۇلار قېرىغان، چىرايلىرىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ ئېنىق

كۆرۈنەتتى. ئىئان خاي[40] ئەسكەرلەرنى روھلاندۇرۇۋاتاتتى، بەللوك[41] ئىستراتېگىيە توغرىسىدا ماقالە يازاتتى، موروئىس[42] ئاسترونومىيەلىك تەلىماتلارنى بېرەتتى، بەيرنسفادېر[43] كارتون سىزاتتى. بۇ، غەۋۋاسلارنىڭ چاي زىياپىتىگە ئوخشايتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاران ئۆزگەردى. ئاپەتنىڭ زەربىسى بەۋىن[44] قاتارلىق بىر قىسىم ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى ئالدىنقى سەپكە ئېلىپ كەلدى، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا بىزنى ھېلىمۇ گىتلېرنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن، 1931ـ

[40] «Ian Hay»(ئىئان خاي) — ئەنگلىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى، دراماتورگ ۋە ئەسكەر جون ھەي بەيىس (John Hay Beith, 1876ـ1952) نىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. ئۇ كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن دەسلەپتە مۇئەللىملىك قىلغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە ئارمىيەسىدە ئوفىتسىر بولۇپ خىزمەت قىلغان ھەمدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ئۈچۈن «ھەربىي كرېست (Military Cross) «مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بولسا ئەنگلىيە ئۇرۇش مىنىستىرلىقىنىڭ ئاممىۋى مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمىنى باشقۇرغان .
ئۇ دەسلەپتە مەكتەپ ھاياتى ۋە ياشلار سىرلىرىنى يازغان بولۇپ (1907) «Pip» ,ناملىق تۇنجى رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن كېيىن كەسپىي يازغۇچىغا ئايلانغان. ئۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى چىرايلىق ۋە يۇمۇر بىلەن تەسۋىرلەپ يازغان «The First Hundred Thousand» (تۇنجى يۈز مىڭ، 1915) ناملىق كىتابى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان .بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا غايەت زورتەسىر قوزغىغان. ئۇ رومانلاردىن باشقا , سەھنە ئەسەرلىرى (پيېسە) ۋە كىنو سىنارىيەلىرىنىمۇ يازغان بولۇپ، ئارىسىدا كىنو تارىخىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرمۇ بار .
[41] بەللوك — (Hilaire Belloc) ئەنگلىيەـ فىرانسىيە ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك يازغۇچىسى، تارىخچىسى ۋە سىياسىي تەنقىدچىسى بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ جەمئىيەت ۋە دىنىي قاراشلىرىنى تەنقىد قىلغان ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان؛
[42] موروئىس (André Maurois) تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئېسىل رومانلىرىنى يېزىش بىلەن داڭق چىقارغان فىرانسىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى ۋە ئاكادېمىك؛
[43] بەيرنىسفادىر — (Bruce Bairnsfather) بىرىنچى جەھان ئۇرۇشى مەزگىلىدە سەپەرۋەرلىك ۋە سەپداشلارنىڭ ھاياتىنى مەززىلىك ۋە قىزىقارلىق كارتون رەسىملىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ شۆھرەت قازانغان ئەنگلىيەلىك كارتونچى ۋە ھەربىي.
[44] ئېرنېست بەۋىن — (Ernest Bevin, 1881ـ1951) ئەنگلىيەنىڭ داڭلىق سىياسەتچىسى، كۈچلۈك تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ۋە ئەينى دەۋردىكى ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى (يونىيون) رەھبەرلىرىنىڭ بىرى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋىنستون چېرچىل باشچىلىقىدىكى مىللىي بىرلىك ھۆكۈمىتىدە «ئەمگەك مىنىستىرى» بولۇپ ئىشلىگەن ھەمدە ئۇرۇش ئىقتىسادى ئۈچۈن خەلقنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە سەپەرۋەر قىلغان. ئۇرۇشتىن كېيىن (1945ـ1951) ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

1939 ـ يىللىرىدىن ئۆتتۇشكە مۇۋەپپەق بولغان ئادەملەر باشقۇرۇۋاتىدۇ. ئۆگەنگىلى بولمايدىغان بىر ئەۋلاد بىزگە جەسەتلەرگە ئوخشاش ئېسىلىپ تۇرىدۇ.

بۇ ئۇرۇشنىڭ ھەرقانداق مەسىلىسى ئۇستىدە ئويلىنىش بىلەنلا ( مەيلى ئۇ ئىستراتېگىيەنىڭ چوڭ تەرىپى بولسۇن ياكى يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ كىچىك تەپسىلاتى بولسۇن) ئەنگلىيەنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ھازىرقىدەك تۇرسا، زوروۇر ھەرىكەتلەرنى قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ئېنىق. ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە تەربىيىسى سەۋەبىدىن، ھۆكۈمران تەبىقە مۇقەررەر ھالدا ئاممۇۋى مەنپەئەت بىلەن ھەرگىز ماسلاشتۇرغىلى بولمايدىغان ئىمتىيازلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. ئۇرۇش مەقسەتلىرى، ئىستراتېگىيە، تەشۋىقات ۋە سانائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئايرىم بۆلەكلەردە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش خاتا. ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان. ھەربىر ئىستراتېگىيەلىك پىلان، ھەربىر تاكتىكىلىق ئۇسۇل، ھەتتا ھەربىر قورال ئۇنى ئىشلەپچىقارغان جەمئىيەت سىستېمىسىنىڭ تامغىسىنى ئېلىپ يۈرىدۇ. بىرىتانىيە ھۆكۈمران تەبىقىسى گىتلېرغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنى ھەمىشە بىز تەرەپتە دەپ قارىغان، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېلىمۇ ئۆزلىرىنى بولشېۋىزمغا قارشى قوغدىغۇچى دەپ قارايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مەقسەتلىك سېتىۋېتىلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ؛ ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ ھەر بىر قارار قىلىش پەيتىدە ئىككىلىنىدىغانلىقىنى، زەربىلىرىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقىنى ۋە خاتا ئىش قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

چېرچىل ھۆكۈمىتى بۇ جەريانغا چەكلىمە قويغۇچە، ئۇلار 1931 ـ يىلدىن باشلاپلا توغرا ئىش قىلىۋاتىمىز دېگەن تۇيغۇ بىلەن ھەمىشە خاتا ئىشنى قىلىپ كەلدى. ئۇلار فرانكونىڭ ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىغا ياردەم بەردى، گەرچە ئەخمەق بولمىغان ھەرقانداق ئادەم ئۇلارغا فاشىستىك ئىسپانىيەنىڭ ئەنگلىيەگە دۈشمەن بولىدىغانلىقىنى ئېيتالايدىغان بولسىمۇ. ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا ئىتالىيەلىكلەرنىڭ باھاردا بىزگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، 1939 ـ 1940 ـ يىللىرىنىڭ قىشىدا ئىتالىيەنى ئۇرۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى. نەچچە يۈز مىڭ فوند ستېرلىڭ پايدا ئالغۇچى ئۈچۈن ئۇلار ھىندىستاننى بىر ئىتتىپاقچىدىن دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، پۇلدار سىنىپلار كونترولنى قولىدا ساقلاپ تۇرغان مەزگىلدە، بىز مۇداپىئە ئىستراتېگىيەسىدىن باشقا ھېچقانداق ئىستراتېگىيەنى راۋاجلاندۇرالمايمىز. ھەربىر

غەلبە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز ئۆز ئىمپېرىيەمىزنىڭ ھەر خىل ئىرقتىكى خەلقلىرى ئارىسىدا ئەكس سادا قوزغىمايلا ئىتالىيەلىكلەرنى ئېفوپىيەدىن قانداق قوغلاپ چىقىرالايمىز؟ گېرمانىيە سوتسىيالىستلىرى ۋە كوممۇنىستلىرىنى تىنچ ھالدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىش ئارقىلىق گىتلېرنى قانداق پارە-پارە قىلالايمىز؟ «بۇ بىر كاپىتالىستىك ئۇرۇش» ۋە «بىرىتانىيە ئىمپېرىيەچىلىكى» غەنىمەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ دەپ زارلىنىدىغان سولچىلارنىڭ كاللىسى كەينىگە بۇرۇلۇپ قالغان. بىرىتانىيە پۇلدارلار سىنىپى ئەڭ ئاخىرقى ئويلىنىدىغان ئىش يېڭى زېمىنلارنى قولغا كەلتۈرۈش. بۇ پەقەت بىر ئوڭايسىزلىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش نىشانى (ئېرىشكىلى بولمايدىغان ۋە تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان) پەقەت ئۆزلىرىدە بار بولغان نەرسىلەرگە يامىشىۋېلىشتىن ئىبارەت.

ئىچكى جەھەتتىن، ئەنگلىيە ھازىرمۇ باي ئادەمنىڭ جەننىتىدۇر. «بەدەل تۆلەشنىڭ تەڭپۇڭلۇقى» توغرىسىدىكى پۈتۈن سۆزلەر بىھۇدىلىكتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زاۋۇت ئىشچىلىرىدىن تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەش تەلەپ قىلىنسا، «ئائىلىدە بىر غوجىدار، سەككىز تەمىنات»[45] دېگەن ئېلانلار گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. شەرقىي لوندوننىڭ بومبا تېگىپ ۋەيران بولغان ئاھالىلىرى ئاچارچىلىق ۋە ئۆي-پاناھسىز قالسا، زەرىبىگە ئۇچرىغان بايلار كۆپرەك ئۆز ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇپ ئازادە دالا ئۆيلىرىگە قاچماقتا. ئۆزگىچە مۇداپىئە قىسىم بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە بىر مىليون ئادەمگە يەتتى، ھەممە ئۇ يۇقىرىدىن قەستەن شۇنداق تەشكىل قىلىنىدىكى، پەقەت خۇسۇسىي كىرىمى بار كىشىلەرلا

---

[45] بۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەنگلىيەنىڭ گېزىتلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان، ئائىلىلەر ئۆيلىرىگە خىزمەتكار قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بېرىدىغان خىزمەت ئېلانى بولۇپ، غوجىدارنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بۇ ئائىلىدە ياشايدىغان ۋە خىزمەت قىلىدىغان ئاساسلىق ئادەم سانىنى ياكى خىزمەتكارغا بېرىلىدىغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. سەككىز تەمىنات :بۇ خىزمەتكارغا بېرىلىدىغان مائاش، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك ياكى يىللىق تەمىنات قاتارلىق مەلۇم دەرىجىدىكى چىقىم ياكى شەرتلەرنى كۆرسىتىدىغان خىزمەت ئېلانىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. بۇ خىل ئېلانلار جورج ئورۋېل ياكى شۇ دەۋردىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى تەبىقىلىك پەرقلەرنى، ئاقسۆڭەكلەر ۋە بايلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى خىزمەتكارلار دۇنياسىنى، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىشسىزلىق ۋە ئىشچى-خىزمەتكارلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كلاسسىك مىساللار سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

قوماندانلىق ئورۇنلىرىنى ئىگىلىيەلەيدۇ. ھەتتا دەرىجە سىستېمىسىمۇ نامراتلارغا ھەممىشە زەربە بەرگۈدەك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئەمما يىلىغا 2000 فوندستېرلىڭدىن كۆپ كىرىم قىلىدىغان كىشىلەر بۇنىڭ ئانچە كۆپ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. ھەممە يەردە ئىمتىياز ياخشى نىيەتنى ئىسراپ قىلماقتا. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەتتا تەشۋىقاتمۇ دېگۈدەك مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك تۈيغۇسىنى قوزغاش ئورۇنۇشلىرى قالتىس، ئورۇشنىڭ بېشىدا چېمبىرلېن ھۆكۈمىتى تارقاتقان قىزىل پىلاكاتلار بارلىق رېكورتلارنى بۇزۇۋەتتى. شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇلار ئەسلى ھالىتىدىن باشقىچە بولالمايتتى، چۈنكى چېمبىرلېن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى فاشىستلارغا قارشى نەپرەت قوزغاش خەۋپىگە قانداق قەدەم باسالايتتى؟ فاشىزمغا ھەقىقىي دۈشمەن بولغان ھەرقانداق ئادەم چېمبىرلېننىڭ ئۆزىگە ۋە گىتلېرنىڭ ھوقۇقىغا ئېرىشىشىگە ياردەم بەرگەن باشقا بارلىق كىشىلەرگىمۇ دۈشمەن بولۇشى كېرەك. سىرتقى تەشۋىقاتمۇ شۇنداق. لورد خالىفاكسنىڭ بارلىق نۇتۇقلىرىدا ياۋروپانىڭ بىرەر پۇقراسىنى كىچىككىنە بولسىمۇ زىيان-زەخمەتكە ئۇچراتمايدىغانلىقى ھەققىدە كونكرېت تەكلىپ يوق. خالىفاكس ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرەيلەن سائەتنى 1933-يىلغا قايتۇرۇشتىن باشقا قانداق ئۇرۇش نىشانىغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن؟

ئەنگلىيە خەلقىنىڭ ئەسلى تالانت ئىقتىدارى پەقەت ئىنقىلاب ئارقىلىقلا ئەركىنرەك بولالايدۇ. ئىنقىلاب قىزىل بايراقلار ۋە كوچا جەڭلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئۇ ئاساسىي ھوقۇقنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ قان تۆكۈلمەستىن يۈز بېرىشى ئاساسلىقى ۋاقىت ۋە جاي تاسادىپىيلىقىدۇر. ئۇ يەنە بىرلا سىنىپنىڭ دىكتاتۇرىسىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەنگلىيەدە قايسى ئۆزگىرىشلەرنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىر بولغان كىشىلەر بىرلا سىنىپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىچىدە يىلىغا 2000 فوندستېرلىڭدىن كۆپ كىرىم قىلىدىغان كىشىلەر بولسىمۇ. بۇ يەردە زۆرۈر بولغىنى ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۈنۈمسىزلىككە، سىنىپىي ئىمتىيازغا ۋە كونىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئاڭلىق ھەم ئاشكارا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدۇر. بۇ ئاساسلىقى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگىرىشى مەسىلىسى ئەمەس. ئومۇمەن ئېيتقاندا بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەگەر بىز باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتسەك، ئۆزىمىزگە كېرەكلىك ھۆكۈمەتكە ئېرىشىمىز.

قېرىپ قالغان ياكى فاشىزمغا مايىل بولغان ئەلچىلەر، گېنېراللار، ئەمەلدارلار ۋە مۇستەملىكە باشقۇرغۇچىلىرى خاتالىقلىرىنى ئاشكارا سادىر قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان مىنىستىرلاردىن كۆپ خەتەرلىكتۇر. بىز بۇ مىللىي ھاياتىمىز جەريانىدا ئىمتىيازغا، ئەقلى چولتا بىر مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ بۇيرۇق قىلىش جەھەتتە زېرەك مېخانىكتىن ياخشىراق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشقا قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىقتىدارلىق ۋە سەمىمىي شەخسلەر بولسىمۇ، بىز پۇلدار سىنىپنىڭ ئومۇمىي كونتروللۇقىنى ۋەيران قىلىۋېتىشىمىز كېرەك. ساختىلىق پەردىسى ئاستىدا تۇرغان ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىگە كىرىشى كېرەك. زاۋۇتلار ۋە گېزىتخانىلار، ئايروپىلانلار ۋە سۇ ئاستى پاراخوتلىرىدا تۇرغان ئەنگلىيە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى قولغا ئېلىشى كېرەك.

قىسقا مۇددەت ئىچىدە، بەدەل تۆلەشنىڭ تەگپۇگلۇقى، يەنى «ھەربىي كوممۇنىزم» رادىكال ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەردىنمۇ مۇھىمدۇر. سانائەتنى دۆلەتلەشتۈرۈش ناھايىتى زۆرۈر، لېكىن غوجىدارلار ۋە شەخسىي كىرىملەر دېگەندەك ساراڭلىقلار دەرھال يوقىلىشى كېرەك. ئىسپانىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇمكىن بولمىغان قىيىنچىلىقلارغا قارشى ئىككى يېرىم يىل ئۆرۈشىنى داۋاملاشتۇرالىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بايلىقنىڭ روشەن پەرقلەنمەسلىكى ئىدى. خەلق دەھشەتلىك ئازاب تارتقان بولسىمۇ ھەممىسى ئوخشاش ئازاب تارتقان. ئاددىي ئەسكەرنىڭ بىر تال تاماكىسى بولمىغاندا، گېنېرالنىڭمۇ بىر تال تاماكىسى يوق ئىدى. ھەممە ئادەم ئوخشاش بەدەل تۆلىگەن بولسا، ئەنگلىيەگە ئوخشاش بىر دۆلەتنىڭ روھى بەلكىم سۇندۇرغۇسىز بولاتتى. لېكىن ھازىر بىزدە ئەنئەنىۋى ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن باشقا مۇراجەت قىلىدىغان ھېچنېمە يوق، بۇ يەردە ئۇ باشقا جايلاردىن چوڭقۇرراق، لېكىن ئۇ مۇقەررەر ھالدا تېگى يوق چوڭقۇرلۇق ئەمەس. مەلۇم بىر نۇقتىدا سىز «مەن گىتلېرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياخشىراق ياشىغان بولاتتىم» دەيدىغان ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك. لېكىن ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرەلەيسىز ـ يەنى ئاددىي ئەسكەرلەر كۈنىگە ئىككى شىللىڭ ئالتە پېنس ئۈچۈن ھاياتىنى دوغا تىكىۋاتقاندا، بىر ياقتىن سېمىز ئاياللار Rolls ـ Royce ماشىنىلىرىدا ئولتۇرۇپ، پېكىنېس ئىتلىرىنى بېقىپ يۈرگەندە ئۇنىڭ ئاڭلىشىنى ئۈمىد قىلالايدىغان قانداق جاۋاب بېرەلەيسىز؟

بۇ ئۇرۇش ئۈچ يىل داۋاملىششى مۇمكىن. ئۇ قاتتىق ئىشلەش، سوغۇق زېرىكىشلىك قىشلار، تەمسىز تائاملار، كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ يوقلۇقى، ئۇزاققا سوزۇلغان بومباردىمان دېمەكتۇر. ئۇ ئومۇمىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنى تۆۋەنلىتىدۇ، چۈنكى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھەرىكىتى ئىستېمال ماللىرى ئورنىغا قورال-ياراغلارنى ئىشلەپچىقىرىشتۇر. ئىشچىلار سىنىپى كۆلپەت تارتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار نېمە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن شارائىتتا، تېخىمۇ كۆپ ئازاب تارتىدۇ. ئۇلار قورقۇنچاقلار ئەمەس، لېكىن ۋەزىيەتكە خەلقئارا نەزەر بىلەن قارىمايدۇ. ئۇلار ئىسپانىيە ئىشچىلىرى تارتقان بارلىق كۆلپەتلەرگە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەككە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى ۋە باللىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى بىر تۇرمۇشنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئائىت بىرەر ئىسپاتنى كۆرۈشنى خالايدۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر ئېنىق دەلىلى شۇكى، ئۇلار باج تۆلىگەن ۋە ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىلگەندە، بايلارنىڭ تېخىمۇ قاتتىق زەربىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەگەر بايلار ئاۋاز چىقىرىپ ۋايسىراپ كەتسە، ئۇ تېخىمۇ ياخشى.

بىز بۇ ئىشلارنى، ئەگەر راستتىنلا خالىساق، ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز. ئەنگلىيەدە جامائەت پىكرىنىڭ ھېچقانداق كۈچى يوق دېگەن گەپ راست ئەمەس. ئۇ ھېچقانداق بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرمايلا ئۆز ئاۋازىنى ئاڭلاتمايدۇ؛ ئۇ ئۆتكەن ئالتە ئاي ئىچىدە ياخشىلىنىش تەرەپكە قاراپ يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا مەسئۇل بولغان. لېكىن بىز مۇزلۇقتەك ئاستا ھەرىكەت قىلدۇق ھەمدە پەقەت ئاپەتلەردىنلا ساۋاق ئالدۇق. چېمبىرلېندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پارىژنىڭ غۇلاپ چۈشۈشى ۋە جون ئاندېرسوندىن[46] پۇتۇنلەي ياكى قىسمەن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شەرقىي لوندوندىكى نەچچە ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ بىھۇدە ئازاب تارتىشى كېرەك بولدى. بىر جەسەتنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن بىر مەيدان جەڭدە يېڭىلىپ قېلىش ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى بىز تېز سۈرئەتلىك رەزىل ئەقلىي ئىقتىدارلارغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتىمىز، ۋاقىت ئالدىغا ئۆتمەكتە، ھەمدە

[46] ئەنگلىيەلىك سىياسەتچى (لورد ۋىكېنت ئاندېرسون، 1882-1958) :ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولغان. گىتلېر ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان مەزگىلدە خەلقنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەشھۇر «ئاندېرسون پاناھگاھى» (Anderson shelter) نى لايىھەلەپ چىققانلىقى بىلەن تونۇلغان.

يېڭىلگەنلەرگە قارىتا تارىخ: «ئاپلا!» دېيەلەيدۇ، ئەمما ئۆزگەرتەلمەيدۇ ياكى كەچۈرۈم قىلالمايدۇ.

3

ئۆتكەن ئالتە ئاي ئىچىدە «بەشىنچى تۆۋرۈك» توغرىسىدا نۇرغۇن گەپ-سۆزلەر بولدى. نامەلۇم تەلۋىلەر پات-پات گىتلېرنىڭ پايدىسىغا نۇتۇق سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلاندى، ۋە نۇرغۇنلىغان گېرمانىيەلىك مۇھاجىرلار قامال قىلىندى. شۈبهىسىزكى، بۇ ئىش ياۋروپادا بىزگە چوڭ زىيان يەتكۈزدى. گوللاندىيە ۋە بېلگىيەدە، كوچىلاردا تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىغان، قوراللىق، تەشكىللىك بەشىنچى غول ئارمىيەنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى پىكىرنىڭ ئەلۋەتتە كۈلكىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇنداق بولمىسا، «بەشىنچى غول» خەۋپى راستىنلا مەۋجۇت. بىز بۇنى پەقەت ئەنگلىيەنىڭ قانداق ئۇسۇلدا مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاشقاندىلا ئاندىن نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز.

هاۋا بومباردىمانىنىڭ چوڭ بىر ئۇرۇشنى ھەل قىلالىشى ناتايىن. ئەنگلىيە ئاسانلا بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە ئىشغال قىلىنىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ ئىشغالىيەت خەتەرلىك بىر تەۋەككۈلچىلىك بولۇپ قالىدۇ، ئەگەر بۇ ئىش يۈز بېرىپ مەغلۇپ بولساق، ئۇ بىزنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە كونىلىق تەرەپدارلىرى ئىسكەنجىسىدىن خالىي قىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر ئەنگلىيە چەت ئەل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنسا، ئەنگلىيە خەلقى ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى بىلىپ كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ دائىم كونترول ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇلىدىغانلىقى، ياكى گىتلېرنىڭ بۇ ئاراللاردا بىر مىليون كىشلىك ئارمىيەنى تۇرغۇزۇشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقى گۇمانلىق. ئاندىن (سىز ئىسىملارنى تولدۇرالايسىز) دىن تۈزۈلگەن بىر ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. ئەنگلىيەلىكلەر بەلكىم بۇ جەڭدىن قاقشىمايدۇ، ئەمما ئۇلار مېۇنخىندىكىلەرگە ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن شارائىتتا، ئاسانلا زېرىكتۈرۈلۈپ، قايىل قىلىنىپ ياكى ئالدىنىپ تەسلىم قىلىنىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال ئۇرۇش ۋەزىيىتى يامانلىشىۋاتقاندا ئەمەس، بەلكى ياخشى كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن ۋاقىتتا ئەڭ ئاسان يۈز بېرىشى مۇمكىن. گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيەنىڭ كۆپلىگەن تەشۋىقاتلىرىدىكى تەھدىت خاتا بىر سىياسىي قەدەم

ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پەقەت زىيالىيلارغىلا تەسىر كۆرسىتىدۇ. خەلق بىلەن بولغان مۇۋاپىق ئۇسۇل «بۇنى تەڭ-باراۋەرلىك دەپ ئاتايلى» بولغان بولاتتى. فاشىزمچىلار دەل مۇشۇنداق لىنىيە بويىچە تىنچلىق تەكلىپى سۇنۇلغان ۋاقىتتا ھۆكىرەپ قويىدۇ.

لېكىن فاشىزمچىلار كىملەر؟ گىتلېرنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئۈمىدۋار بولۇش بايلارغا، كوممۇنىستلارغا، موسلىنىڭ[47] ئەگەشكۈچىلىرىگە، تىنچلىقپەرۋەرلەرگە ۋە كاتولىكلار ئارىسىدىكى بەزى قاتلاملارغا جەلپكار كۆرۈنىدۇ. شۇنداقلا، ئەگەر دۆلەت ئىچىدە ئىشلار بەكلا ناچارلاشسا، نامرات خەلق نارازىلىق، ئۈمىدسىزلىك تۈپەيلىدىن شۇ تەرەپكە بۇرۇلۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئادەملەر ئاچلىق بىلەن قۇللۇق ئارىسىدا ئانچە كۆپ پەرق يوقلۇقىنى كۆرىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى ئاكتىپ ھالدا گىتلېرغا مايىل بولمىسىمۇ، مەغلۇبىيەتچىلەر تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن.

بۇ خىل ئارىلاشما تىزىملىكتە گېرمانىيە تەشۋىقاتىنىڭ جۈرئىتىنى، ئادەملەرگە ھەممە نەرسىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى

[47] سېر ئوسۋالد موسلى (Sir Oswald Mosley, 1896-1980) — 20-ئەسىردىكى ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ تالاش-تارتىش قىلىنغان ۋە داڭلىق سىياسەتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاساسلىقى ئەنگلىيە فاشىزمىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇ دەسلەپتە ئەنگلىيە «كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى» نىڭ ئەزاسى، كېيىن «ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى» نىڭ پارلامېنت ئەزاسى ۋە مىنىستىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئەمما 1930-يىللارنىڭ بېشىدا ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىسادىي كرىزىس مەزگىلىدىكى سىياسەتلىرىدىن نارازى بولۇپ، سولچىل ۋە ئوڭچىل ئېقىملاردىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىققان.

ئۇ 1932-يىلى ئىتالىيەدىكى مۇسسولىنى ۋە گېرمانىيەدىكى ناتسىستلارنىڭ تەسىرىدە «ئەنگلىيە فاشىستلار بىرلەشمىسى» (British Union of Fascists - BUF) نى قۇرغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى «قارا كۆينەكلەر» (Blackshirts) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئاشقۇن مىللەتچىلىك، ئانتىسەمىتىزم (يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش) ۋە پارلامېنت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ فاشىستىك پائالىيەتلىرى ئەنگلىيە جەمئىيىتىدە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغان (مەسىلەن، كابېل كوچىسىدىكى توقۇنۇش). ئۇرۇش مەزگىلىدە دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن دېگەن گۇمان بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنغان ۋە تۈرمىگە سولانغان. ئۇرۇشتىن كېيىن سىياسەتتە قايتا باش كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن.

بولىدۇ. لېكىن  فاشىزمچى كۈچلەر ئاكتىپ ھالدا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشۋاتقىنى يوق، بەلكى ئۇلار ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن ئىشلەيدۇ.

كوممۇنىستلار جەزمەن گىتلېرپەرەس دەپ قارىلىشى كېرەك،  ئەگەر روسىيە سىياسىتىنى ئۆزگەرتمىسە شۇنداق قارىلىشقا مەجبۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۇنچە چوڭ ئەمەس. موسلىنىڭ قارا كۆينەكلەر گۇرۇپپىسى، ھازىر ناھايىتى جىمجىت ياتقان بولسىمۇ، قوراللىق قىسىملاردا ئىگە بولۇشى مۇمكىن بولغان ئورنى سەۋەبىدىن تېخىمۇ جىددىي خەۋپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، موسلىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ گۈللەنگەن كۈنلىرىدىمۇ 50 مىڭدىن ئاشمىغان بولۇشى مۇمكىن.  سىياسىي ھەرىكەتتىن كۆرە تىنچلىقپەرۋەرلىك روھىي جەھەتتىن قىزىقارلىق بىر ئەھۋالدۇر. بەزى تىنچلىقپەرۋەرلەر ئىشنى زوراۋانلىقتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش بىلەن باشلاپ، ئاخىرىدا گىتلېرنى قىزغىن قوللاش، ھەتتا ئانتىسېمىتىزم (يەھۇدىيلارغا نەپرەتلىنىش) غا مايىل بولۇشقا بېرىپ يەتتى . بۇ قىزىقارلىق ئەھۋال، لېكىن مۇھىم ئەمەس. دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قوشۇمچە مەسئۇلى بولغان «ساپ» تىنچلىقپەرۋەرلىك پەقەت ئالاھىدە مۇداپىئە قىلىنىۋاتقان رايونلاردىكى كىشلەرگىلا جەلپكار كۆرۈنەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، پاسسىپ ۋە مەسئۇلىيەتسىز بولغاچقا، ئۇنچە كۆپ ساداقەتنى قوزغىمايدۇ. تىنچلىق ۋەدىسى بىرلەشمىسى ئەزالىرىنىڭ ئوندىن بىرىدىن كۆپرەكى يىللىق ئەزا ھەققىنىمۇ تۆلىمەيدۇ. بۇ گوروھلارنىڭ ھېچقايسىسى، مەيلى تىنچلىقپەرۋەرلەر، كوممۇنىستلار ياكى قارا كۆينەكلەر بولسۇن، ئۆز كۈچلىرى بىلەن چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشنى توختىتىش ھەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. لېكىن ئۇلار خىيانەتچى بىر ھۆكۈمەتنىڭ تەسلىم بولۇش سۆھبىتىنى ئېلىپ بېرىشىنى ناھايىتى ئاسانلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىشى مۇمكىن. فىرانسۇز كوممۇنىستلىرىغا ئوخشاش، ئۇلار مىليونېرلاردىن تەركىب تاپقان يېرىم ئاڭلىق ۋاكالەتچىلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

ھەقىقىي خەۋپ يۇقىرىدىن كېلىدۇ. كىشىلەر گىتلېرنىڭ «نامرات ئادەمنىڭ دوستى، بايلارنىڭ دۈشمىنى بولۇش» توغرىسىدىكى يېقىنقى گەپ-سۆزلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى كېرەك. گىتلېرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى «مېنىڭ كۈرىشىم» (Mein Kampf) ناملىق كىتابىدا ۋە ئۇنىڭ قىلمىشلىرىدا. بايلار پەقەت يەھۇدىي بولغاندا ياكى گىتلېرغا ئاكتىپ قارشى تۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئەھۋاللارنى

ھېسابقا ئالمىغاندا، گىتلېر ھېچقاچان بايلارنى زىيانكەشلىككە ئۇچراتمىغان، ئۇ كاپىتالىستلارنىڭ كۆپ قىسىم ھوقۇقىنى تارتىۋالدىغان، لېكىن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى ئىلگىرىكىدەكلا قالدۇرىدىغان مەركەزلەشكەن ئىقتىسادنى قوللايدۇ. دۆلەت سانائەتنى كونترول قىلىدۇ، لېكىن بايلار بىلەن نامراتلار، خوجايىنلار بىلەن ئىشچىلار يەنىلا مەۋجۇت. شۇڭلاشقا، ھەقىقىي سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان پۇلدارلار سىنىپى ھەمىشە ئۇنىڭ تەرىپىدە بولۇپ كەلدى. بۇ ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىنتايىن ئېنىق ئىدى، فىرانسىيە تەسلىم بولغان ۋاقىتتا يەنە بىر قېتىم ئېنىق بولدى. گىتلېرنىڭ فىرانسىيەدىكى قارانچۇق ھۆكۈمىتىنى ئىشچىلار ئەمەس، بەلكى بىر توپ بانكىرلار، قېرىپ قالغان گېنېراللار ۋە چىرىك ئوڭ قانات سىياسەتچىلەر باشقۇردى.

بۇ خىل گەۋدىلىك، ئاڭلىق خىيانەتنىڭ ئەنگلىيەدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئېھتىماللىقى ئاز، ھەتتا سىناپ كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقمۇ ناھايىتى ئاز. شۇنداق بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغان يۇقىرى باج تۆلىگۈچىلەر ئۈچۈن بۇ ئۇرۇش قايسى باھادا بولمىسۇن توختىتىلىشى كېرەك بولغان، ئەقلىدىن ئازغان بىر ئائىلە جېدىلىدىن ئىبارەت. يۇقىرى قاتلامنىڭ بىر يېرىدە «تىنچلىق» ھەرىكىتىنىڭ بارلىقىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ؛ بەلكىم بىر قارانچۇق ھۆكۈمەت ئاللىقاچان قۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىشىلەر ئۆز پۇرسىتىگە مەغلۇبىيەت پەيتىدە ئەمەس، بەلكى زېرىكىش ۋە نارازىلىق كۈچەيگەن تۇرغۇن مەزگىلدە ئېرىشىدۇ. ئۇلار تەسلىم بولۇش توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى تىنچلىق توغرىسىدا سۆزلەيدۇ، ھەمدە شۈبھىسىزكى ئۇلار ئۆزلىرىنى، ۋە بەلكىم باشقا كىشىلەرنىمۇ ئەڭ ياخشى ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىغا قايىل قىلىدۇ. مىليونېرلار باشچىلىقىدىكى ئىشسىزلار ئارمىيەسى بىزنىڭ خەۋپىمىز. لېكىن بىز مۇۋاپىق دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئادالەتنى ئوتتۇرىغا قويساق بۇ خەتەر يوقىسەلمەيدۇ. Rolls‑Royce ماشىنىسىدىكى ئايال، گورىڭنىڭ بومباردىمانچى[48] ئايروپىلانلىرى فلوتىغا قارىغاندا روھىي ھالەتكە تېخىمۇ كۆپ زىيان يەتكۈزىدۇ.

---

[48] ھېرمان گورىڭ (Hermann Göring, 1893 ‑ 1946) — ناتسىستلار گېرمانىيەسىنىڭ ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئادولف گىتلەردىن قالسىلا ناتسىستلار پارتىيەسىدىكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان شەخس ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە داڭلىق ئايروپىلان ئۇچقۇچىسى بولغان. كېيىن ناتسىستلار

## 3 ـ قىسىم: ئەنگلىيە ئىنقىلابى

1

ئەنگلىيە ئىنقىلابى بىر نەچچە يىل ئىلگىرى باشلانغان بولۇپ، ئەسكەرلەر دۈنكىركتىن قايتىپ كەلگەندە ئۇ تېزلىششكە باشلىدى. ئەنگلىيەدىكى باشقا بارلىق ئىشلارغا ئوخشاش، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز، مەجبۇرىي ئۇسۇلدا يۈز بېرىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئۇرۇش ئۇنى تېزلەتتى، لېكىن ئۇ يەنە تېزلىككە بولغان ئېھتىياجىنىمۇ ئىنتايىن كۈچەيتتى.

تەرەققىيات ۋە ئارقىغا چېكىنىش پارتىيە بەلگىلىرى بىلەن ئالاقىسىز بولۇشقا باشلىدى. ئەگەر بىرەر كونكرېت پەيتنى دېيىشكە توغرا كەلسە، Picture Post[49] تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان ۋاقىتتا بۇرۇنقى ئوڭ ۋە سول پەرقىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىش مۇمكىن. Picture Post نىڭ سىياستى

پارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلارنىڭ باشلىقى ۋە ھىتلېردىن كېيىنكى قانۇنىي ۋارىس سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇ يەھۇدىيلارنى يوقىتىش پىلانىنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ياۋروپا مىقياسىدا مۈلۈكلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ۋە ئۇرۇش جىنايەتلىرىگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، نۇرېمبېرگ سوتىدا ئۇرۇش جىنايەتچىسى دەپ ئەيىبلەنگەن ۋە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. جازا ئىجرا قىلىنىشتىن بۇرۇن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان.

[49]«Picture Post» 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيەدە ئىنتايىن داڭلىق بولغان ھەپتىلىك رەسىملىك ژۇرنال.
1938 ـ يىلى ۋېنگرىيەلىك كۆچمەن فوتوگراف ستېفان لورانت (Stefan Lorant) ۋە ئەنگلىيەلىك نەشرىياتچى سېر ئېدۋارد خۇلتون (Sir Edward Hulton) تەرىپىدىن قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى دۇنيا ۋە ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش ۋەقەلىرىنى چوڭقۇر ۋە تەسىرلىك سۈرەتلىك بايانلار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈش ئىدى.
«Picture Post»ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئەنگلىيە ئاممىۋى پىكرىنى شەكىللەندۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينىغان. ئۇ ئۇرۇش قىيىنچىلىقلىرى، ئادەتتىكى خەلق ۋە ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى، شۇنداقلا ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغان ئىلغار ماقالە ـ سۈرەتلەرنى ئېلان قىلغان.
بۇ ژۇرنال زامانىۋى سۈرەتلىك ژۇرنال تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان بولۇپ، تېلېۋىزىيە كەڭ ئومۇملىشىشتىن بۇرۇن خەلقنىڭ دۇنيانى كۆرۈش ۋە چۈشىنىش كۆزنىكى بولغان تارىخىي تاراتقۇلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

نېمە؟ ياكى Cavalcade[50] نىڭ، ياكى پرىستلېينىڭ رادىئو تارقىتىشلىرىنىڭ[51]، ياكى Evening Standard[52] دىكى باش ماقالىلەرنىڭ سىياسىتى نېمە؟ كونا

[50] «Cavalcade» ئەسلى مەنىسى «ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ سەپلە يۈرۈشى» ياكى «تەنتەربە كۆرسىتىش يۈرۈشى» بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە كۆپەيگەن ۋەقەلەر تىزىمىنى ياكى تارىخىي دەۋرلەرنى ئەسلىتىدىغان چوڭ تىپتىكى ئويۇن/تارىخىي كۆرسىتىشلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز تارىخىي مەنىدە، .بىر قاتار داڭلىق تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ، شەخسلەرنىڭ ياكى دەۋرلەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن نامايان قىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، نوئېل كاۋاردنىڭ 1931-يىلدىكى مەشھۇر «Cavalcade» ناملىق سەھنە ئەسىرى برىتانىيە تارىخىنىڭ بىر نەچچە ئون يىللىق جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.كۆچمە مەنىدە : بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان ۋەقەلەر تۈركۈمى ياكى مەنزىرىلەر.

[51] «Priestley's broadcasts» (ج. ب. پرىستلىنىڭ رادىيو نۇتۇقلىرى / سەپەرۋەرلىك سۆزلىرى) — ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيەلىك داڭلىق يازغۇچى ۋە دراماتورگ J. B. Priestley (ج. ب. پرىستلى) تەرىپىدىن BBC رادىيوسى ئارقىلىق تارقىتىلغان، ئەنگلىيە خەلقى ئارىسىدا ئىنتايىن زور شۆھرەت قازانغان ھەم چوڭقۇر تەسىر قىلغان داڭلىق رادىئو پروگراممىلىرى ۋە نۇتۇقلىرى. 1940-يىلى، ئەنگلىيە ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ قىيىن ۋە تەس مەزگىلىدە تۇرغاندا، پرىستلى يەكشەنبە كۈنلىكى خەۋەرلەردىن كېيىن «Postscript» (سۆز بېشى/تەسىرات) ناملىق رادىيو بۆلۈمىدە سۆز قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ نۇتۇقلىرى قۇرغاق ھەربىي دوكلاتلار ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى، مىللىي روھى، كۈندىلىك غەم-ئەندىشىلىرى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئادىل، تېخىمۇ گۈزەل بىر جەمئىيەت قۇرۇش ئارزۇلىرىنى سۆزلەيدىغان تەسىرلىك ئەسەرلەر ئىدى.
ئۇنىڭ يۇمشاق، قىزغىن، ئەنگلىيەچە سامىمىي ئاۋازى ۋە خەلقپەرۋەر قاراشلىرى شۇ دەۋردە مىليونلىغان ئادەمنىڭ (چېرچىلنىڭ نۇتۇقلىرىغا ئوخشاشلا) روھىنى كۆتۈرگەن ھەمدە ئۇلارغا ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ پەقەت كونا تۈزۈمنىلا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنىمۇ ئېلىپ كېلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇرغان.
پرىستلىنىڭ نۇتۇقلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە ئادالەت غايىسى ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى كونسېرۋاتىپ سىياسەتچىلەرگە ۋە BBC نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا ياقمىغاچقا، ئۇنىڭ نۇتۇقلىرى، ئەسەرلىرى كېيىنچە چەكلىمىگە ئۇچرىغان، لېكىن ئۇ ئەنگلىيەنىڭ جەمئىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان.

[52] «Evening Standard» لوندوندا نەشر قىلىنىدىغان، تارىخىي ۋە ئەڭ داڭلىق كەچلىك گېزىتلەرنىڭ بىرى.
بۇ گېزىت 1827-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇزۇن يىللار جەريانىدا لوندون شەھەر مەركىزىدىكى كۈندىلىك ۋەقەلەر، سىياسەت، مالىيە خەۋەرلىرى ۋە يەرلىك يېڭىلىقلارنى ئەڭ تېز سۈرەتتە ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق تاراتقۇلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. مەلۇم دەۋرگە قەدەر بۇ گېزىت يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان لورد بىۋەربروك (Beaverbrook Press) نىڭ گېزىتخانىلار تورىغىمۇ قارىغان.
ئۇزۇن يىللار داۋامىدا پۇللۇق سېتىلىدىغان گېزىت بولۇپ كەلگەن بولسا، كېيىنكى مەزگىللەردە ھەقسىز تارقىتىلىدىغان (free newspaper) ئۆزگىچە ئەندىزىگە ئۆتۈپ، لوندوننىڭ مېترو بېكەتلىرىدە ۋە كوچىلىرىدا خەلققە ھەقسىز بېرىلىدىغان ئەڭ ئاممىۋى كەچلىك گېزىتكە ئايلانغان.

تۇرلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارغا ماس كەلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆتكەن بىر ياكى ئىككى يىل ئىچىدە بىرەر ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن نۇرغۇنلىغان نام-نىشانسىز ئادەملەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن سىنىپسىز، ئىگىسىز جەمئىيەت ئادەتتە «سوتسىيالىزم» دەپ ئاتىلىدىغان بولغاچقا، بىز ھازىر قاراپ مېڭىۋاتقان جەمئىيەتكە شۇ نامنى بېرەلەيمىز. ئۇرۇش بىلەن ئىنقىلاب ئايرىلماستۇر. بىز گىتلېرنى يەڭمەي تۇرۇپ غەرب مەدەنىيىتىدىكى بىر دۆلەت سوتسىيالىزم دەپ قارايدىغان ھېچقانداق نەرسىنى بەرپا قىلالمايمىز، يەنە بىر تەرەپتىن بىز 19-ئەسىردىن قالغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھالىتىمىزنى ساقلاش بىلەن گىتلېرنى يېڭەلمەيمىز. ئۆتمۈش كەلگۈسىگە قارشى كۈرەش قىلماقتا، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بىزنىڭ ئىككى يىلىمىز، بىر يىلىمىز، بەلكىم ئاران بىر نەچچە ئايىمىز بار.

بىز زۆرۈر ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ھۆكۈمەتكە تايىنالمايمىز. قوزغاتقۇچ كۈچ ئاستىدىن كېلىشى كېرەك. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئەنگلىيەدە ھېچقاچان مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان بىر نەرسە، يەنى ئارقىسىدا ھەقىقەتەن خەلق ئاممىسى تۇرىدىغان سوتسىيالىستىك بىر ھەرىكەت پەيدا بولۇشى كېرەك. لېكىن كىشى ئەنگلىيە سوتسىيالىزمىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشلىشى كېرەك.

ئەنگلىيەدە ھەقىقىي مەنىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىردىنبىر سوتسىيالىستىك پارتىيە، يەنى ئەمگەكچىلەر پارتىيىسى (Labor Party) بار. ئۇ ھېچقانداق چوڭ ئىسلاھاتنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى، چۈنكى پۈتۈنلەي ئىچكى مەسىلىلەردىن باشقا ئەھۋاللاردا ئۇ ھېچقاچان ھەقىقىي مۇستەقىل سىياسەتكە ئىگە بولۇپ باقمىغان. ئۇ ئاساسلىقى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ پارتىيىسى بولۇپ، مائاشنى ئۆستۈرۈش ۋە خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاشقا بېغىشلانغانىدى. بۇ شۇنى بىلدۈرەتتىكى، ھالقىلىق تەرەپلەر بىۋاستە بىرتانىيە كاپىتالىزمىنىڭ روناق تېپىشىغا، بولۇپمۇ بىرتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ساقلىنىشىغا قىزىقاتتى، چۈنكى ئەنگلىيەنىڭ بايلىقى ئاساسلىقى ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىن كېلەتتى. ئەمگەكچىلەر پارتىيىسى ۋەكىللىك قىلغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇش چىقىمى ۋاستىلىك ھالدا ھىندىستانلىق مەدىكارلارنىڭ قان-تەرىدىن كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەمگەكچىلەر پارتىيىسى سوتسىيالىستىك پارتىيە بولۇپ،

سوتسىيالىستىك سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلىتەتتى، كونا ئۇسلۇبتىكى ئىمپېرىيەچىلىككە قارشى تۇرۇش نۇقتىسىدىن ئويلايتتى ھەمدە باشقا ئىرقلارغا تۆلەم بېرىشكە ئازدۇر-كۆپتۇر ۋەدە بەرگەنىدى. ئۇنىڭ زوراۋانسىز تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنى قوللىشى كېرەك بولغىنىدەك، ھىندىستاننىڭ «مۇستەقىللىقى» نىمۇ قوللىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. تانكا ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلان دەۋرىدە، ھىندىستان ۋە ئافرىقا مۇستەملىكىلىرىگە ئوخشاش ئارقىدا قالغان يېزا ئىگىلىك دۆلەتلىرى مۇشۇك ياكى ئىتقا ئوخشاشلا مۇستەقىل بولالمايدۇ. ئەگەر ھەرقانداق بىر ئەمگەكچىلەر ھۆكۈمىتى ئېنىق كۆپ سانلىق بىلەن ھوقۇققا كېلىپ، ئاندىن ھىندىستانغا ھەقىقىي مەنىدە مۇستەقىللىق دەپ ئاتاشقا بولىدىغان نەرسىنى بېرىشكە كىرىشكەن بولسا، ھىندىستان ئاددىيلا ياپونىيە تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان ياكى ياپونىيە بىلەن روسىيە ئارىسىدا بۆلۈۋېلىنغان بولاتتى.

ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمگەكچىلەر ھۆكۈمىتىگە ئۈچ خىل ئىمپېرىيە سىياستى ئوچۇق ئىدى. بىرى، ئىمپېرىيەنى دەل ئىلگىرىكىدەكلا باشقۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش بولۇپ، بۇ سوتسىيالىزمغا بولغان بارلىق دەۋالاردىن ۋاز كېچىشنى كۆرسىتەتتى. يەنە بىرى، بويسۇنۇۋاتقان خەلقلەرنى «ئەركىن» قويۇۋېتىش بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ياپونىيە، ئىتالىيە ۋە باشقا تالان-تاراج قىلغۇچى كۈچلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن، ھەمدە بىرىتانىيەنىڭ تۇرمۇش مەنبەسىنى ۋەيران قىلغۇچى بىر چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن دېرەك بېرەتتى. ئۈچىنچىسى، ئىجابىي بىر ئىمپېرىيە سىياستىنى تۈزۈپ چىقىش، ۋە ئىمپېرىيەنى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر فېدېراتسىيەسىگە، يەنى سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تېخىمۇ بوش ۋە ئەركىن نۇسخىسىغا ئايلاندۇرۇشنى نىشان قىلىش ئىدى. لېكىن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ تارىخى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى بۇنى مۇمكىن قىلمىدى. بىر قاراشتا ئۇ ئۈمىدسىز ھالدا تار مەزھەپچى بولغان، ئىمپېرىيە ئىشلىرىغا ئانچە قىزىقمايدىغان ۋە ئىمپېرىيەنى بىرلىكتە تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەر بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ پارتىيەسى ئىدى. ئۇ ھىندىستان ۋە ئافرىقىنى باشقۇرۇشنى، شۇنداقلا ئىمپېرىيە مۇداپىئەسىنىڭ پۈتۈن ۋەزىپىسىنى باشقا بىر سىنىپتىن كەلگەن ۋە ئەنئەنىۋى ھالدا سوتسىيالىزمغا دۈشمەن بولغان ئادەملەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر

بولاتتى. ئەڭ يامان يېرى، ئىش ئۈستىدە بولغان ئەمگەكچىلەر ھۆكۈمىتى بارلىق كۈچلەرنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرالامدۇ-يوق دېگەن گۇمان مەۋجۇت ئىدى. ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سانى قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىدە ھېچقانداق ئورنى يوق ئىدى، ئارمىيە ياكى ھاۋا ئارمىيەسىدە ئاز ياكى ھېچقانداق ئورنى يوق ئىدى، مۇستەملىكە مۇلازىمەتلىرىدە قەتئىي ئورنى يوق ئىدى، دۆلەت ئىچى فېدېراتسىيە مۇلازىمىتىدە پۇختا ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئەنگلىيەدە ئۇنىڭ ئورنى كۈچلۈك بولسىمۇ، بىراق تەۋرەنمەس ئەمەس ئىدى؛ ئەنگلىيەدىن باشقا جايلاردا بولسا بارلىق ئەۋزەللىكلەر ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. بىر قېتىم ھوقۇققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ دائىم بىر تالاي قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلەتتى: بەرگەن ۋەدەڭلارنى ئورۇنداڭلار ياكى ئىسيان كۆتۈرۈلۈش خەۋپىگە دۇچ كېلىڭلار. كونسېرۋاتىپلار بىلەن ئوخشاش سىياسەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم توغرىسىدا سۆزلەشنى توختىتىڭلار. ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ھېچقاچان بىر چارە تاپالمىدى، 1935-يىلدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ھوقۇققا ئېرىشىش ئارزۇسىنىڭ بار-يوقلۇقىمۇ ناھايىتى گۇمانلىق ئىدى. ئۇلار مەڭگۈلۈك مۇخالىپەتچىلەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ سىرتىدا بىر قانچە ئاشقۇن پارتىيە مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار ئىچىدە كوممۇنىستلار ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. كوممۇنىستلار 1920-1926 ۋە 1935-1939-يىللىرى ئارىسىدا ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ ۋە پۈتكۈل ئەمگەكچىلەر ھەرىكىتىنىڭ سول قانات كۈچلىرى ئوتتۇرا ھال تەبىقىنى سوتسىيالىزمدىن يىراقلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۆتكەن يەتتە يىللىق تارىخ شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردىكى، غەربىي ياۋروپادا كوممۇنىزمنىڭ غەلىبە قىلىش پۇرسىتى يوق. فاشىزمنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بولسا غايەت زور. كوممۇنىستلار بىر دۆلەتتىن كېيىن يەنە بىر دۆلەتتە ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ زامانىۋى دۈشمەنلىرى بولغان ناتسىستلار تەرىپىدىن يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاندى. ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغان دۆلەتلەردە ئۇلار ھېچقاچان مۇستەھكەم ئورۇنغا ئېرىشەلمىدى. ئۇلار تارقىتىۋاتقان ئەقىدىلەر پەقەت ئوتتۇرا ھال تەبىقىدىكى زىيالىيلار ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدىغان، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈشنى توختاتقان، ئەمما يەنىلا ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئېھتىياج ھېس قىلىدىغان،

شۇڭلاشقا رۇسىيەگە نىسبەتەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى يېتىلدۈرىدىغان كىشلەرگىلا يېقىن كېلەلەيتى. 1940 ـ يىلغا كەلگەندە، 20يىللىق تىرىشچانلىق ۋە ناھايىتى كۆپ پۇل سەرپ قىلىشتىن كېيىن، ئەنگلىيە كوممۇنىستلىرىنىڭ سانى ئاران 20 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، بۇ سان ئەمەلىيەتتە 1920 ـ يىلى ئىش باشلىغان ۋاقتىدىكىدىنمۇ ئازايغان ئىدى. باشقا ماركسىزمچى پارتىيەلەرنىڭمۇ ئانچە ئورنى يوق، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا روسىيەنىڭ پۇلى ۋە ئابرۇيى يوق ئىدى، ھەتتا ئۇلار كوممۇنىستلاردىنمۇ بەكرەك 19 ـ ئەسىردىكى سىنىپىي جەڭ تەلىماتىغا چىرمىشىۋالغانىدى. ئۇلار يىلدىن ـ يىلغا كونىراپ كەتكەن خۇشخەۋەرنى تەشۋىق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى، ھەمدە بۇنىڭ ئۆزلىرىگە بىرەر ئەگەشكۈچى ئېلىپ كەلمىگەنلىكىدىن ھېچقانداق خۇلاسە چىقارمىدى.

ئەنگلىيەدە بىرەر كۈچلۈك فاشىستىك ھەرىكەتمۇ تەرەققىي قىلالمىدى. ماددىي شارائىتلار ئۇنچە ناچار ئەمەس ئىدى، ئەستايىدىل قاراشقا بولىدىغان بىرەر رەھبەرمۇ مەيدانغا كەلمىدى. ئوسۋالد موسلىدىنمۇ بەكرەك ئىدىيەسى كەمچىل بولغان بىر ئادەمنى تېپىش ئۇچۇن ئۇزاق ۋاقىت ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ بىر كوزىدەكلا قۇرۇق ئىدى. ھەتتا فاشىزمنىڭ مىللىي تۇيغۇغا دەخلى قىلماسلىقىدەك ئاساسىي پاكىتمۇ ئۇنىڭدىن قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتى چەت ئەلدىن قۇللارچە تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، كىيىم فورمىسى ۋە پارتىيە پىروگراممىسى ئىتالىيەدىن، سالام بېرىشى گېرمانىيەدىن ئېلىنغان، يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلىش بولسا ئەڭ ئاخىرىدا قوشۇلغان ھەرىكەت بولۇپ، موسلى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى دەسلەپتە ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا

يەھۇدىيلار بىلەن باشلىغانىدى. بوتلېي[53] ياكى لويد جورج[54] قاتارلىق ئادەملەر بەلكىم ھەقىقىي بىرىتانىيە فاشىستىك ھەرىكىتىنى مەيدانغا كەلتۈرەلىگەن بولاتتى. لېكىن بۇنداق رەھبەرلەر پەقەت ئۇلارغا بولغان روھىي ئېھتىياج مەۋجۇت بولغاندىلا ئاندىن پەيدا بولىدۇ.

يىگىرمە يىللىق تۇرغۇنلۇق ۋە ئىشسىزلىقتىن كېيىن، پۈتۈن ئەنگلىيە سوتسىيالىستىك ھەرىكىتى خەلق ئاممىسى ھەتتا ئارزۇ قىلىشقا بولىدىغان سوتسىيالىزم نۇسخىسىنى بەرپا قىلىشقا قادىر بولالمىدى. ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى

---

[53]خوراشيو بوتلېي (Horatio Bottomley, 1860 ـ 1933) — ئەنگلىيە تارىخىدىكى ئەڭ داڭلىق، شۇنداقلا ئەڭ چوڭقۇر تالاش-تارتىش قىلىنغان ۋە ئالدامچىلىق قىلمىشلىرى بىلەن تونۇلغان جارچى، نەشرىياتچى ۋە سىياسەتچى.
ئۇ «*John Bull*» ناملىق داڭلىق ھەپتىلىك گېزىتنى قۇرغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋاتىرىيوتىزملىق (مىللەتچىلىك)، ئاتالمىش «ئادالەت» ۋە ئاددىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان پوپۇلىستىك ماقالىلىرى ئارقىلىق مىليونلىغان ئوقۇرمەننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ھەمدە زور مال-مۈلۈك توپلىغان.
ئۇ كۆپ قېتىم ئەنگلىيە پارلامېنتىغا (House of Commons) ئەزا بولۇپ سايلانغان ۋە سىياسىي سەھنىدە ناتىقلىق قابىلىيىتى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇ سىرتتىن كۆرۈنۈشكە مىللىي قەھرىمان ۋە خەلقپەرۋەر كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئارقا سەھنىدە كەڭ كۆلەملىك مالىيە ئالدامچىلىقى، خەلقنىڭ پۇللىرىنى قانۇنسىز ئۆزلەشتۈرۈش ۋە پايچېك ئالدامچىلىقلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئاخىرىدا ئەپيۈن ۋە مالىيە جىنايەتلىرى پاش بولۇپ، 1922-يىلى سوتلانغان ھەمدە تۈرمىگە تاشلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سىياسىي ۋە ژۇرنالىستىك ھاياتى پاجىئەلىك ھالدا ئاخىرلاشقان.
[54]دېيۋىد لويىد جورج (David Lloyd George, 1863 ـ 1945) — 20-ئەسىردىكى ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ داڭلىق، تەسىر كۈچكە ئىگە سىياسەتچىلىرىدىن بىرى ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى دۆلەت باش مىنىستىرى.
ئۇ شوتلاندىيەلىك ياكى ئېنگلاندلىك ئەمەس، بەلكى ۋەلسلىك (Welsh) تۇنجى ھەم بىردىنبىر باش مىنىستىر ئىدى. بىرىنچى جەھان ئۇرۇشىنىڭ قىيىن مەزگىلىدە (1916 ـ 1922-يىللىرى) كۆپ پارتىيەلىك كابىنتقا رەھبەرلىك قىلىپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى ۋە ئىقتىسادىنى غەلىبىگە باشلىغان ئاساسلىق ئەرباب بولۇپ تونۇلغان.
باش مىنىستىر بولۇشتىن بۇرۇن (مەسىلەن، خەزىنىدارلىق مىنىستىرى مەزگىلىدە) ئەنگلىيەدە زامانىۋى پاراۋانلىق دۆلىتىنىڭ ئۇلىنى سالغان — يەنى ياشانغانلارغا پېنسىيە بېرىش، كېسەللىك ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى سىستېمىسىنى تۇنجى قېتىم يولغا قويغان.
ئۇ ۋېرسال تىنچلىق كېلىشىمىگە قاتناشقان ئاساسلىق غەربىيەلىك رەھبەرلەرنىڭ بىرى بولغان. گەرچە كېيىنچە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى لىبراللار پارتىيەسى ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەنگلىيە سىياسىي تارىخىدىكى ئەڭ ئۇستا ناتىق، ئىسلاھاتچى ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە قالغان.

ئىسلاھات قىلىشتىن قورقاتتى، ماركسىزمچىلار زامانىۋى دۇنياغا 19-ئەسىرنىڭ ئەينىكىدىن قارىماقتا ئىدى. ئىككىسىلا يېزا ئىگىلىك ۋە ئىمپېرىيە مەسىلىلىرىگە پەرۋاسىز قارىدى ھەمدە ئىككىسىلا ئوتتۇرا تەبىقىلەرنى قارشى قويىدى. سول قانات تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ كىشىنى دىمىقتۇرۇپ قويغۇدەك ئەخمەقلىقى پۈتۈن بىر سىنىپ كىشىلىرىنى، يەنى زاۋۇت باشقۇرغۇچىلىرىنى، ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنى، دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنى، دېھقانلارنى، ئاق ياقىلىق خىزمەتچىلەرنى، دۇكاندارلارنى، ساقچىلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرغاندى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە سوتسىيالىزمنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا خەۋپ سالىدىغان نەرسە ياكى ئىسيانكار، يات، ئۇلار ئاتىغاندەك «ئەنگلىيەگە قارشى» بىر نەرسە دەپ ئويلاشنى ئۆگىتىپ قويدى. پەقەت زىيالىيلار، يەنى ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ ئەڭ ئاز ۋە يارامسىز قىسمىلا بۇ ھەرىكەتكە قىزىقتۇرۇلدى.

سوتسىيالىستىك پارتىيە ھازىرغىچە بىرەر ئىشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى خالىغان بولسا ئالدى بىلەن سول قانات چەمبىرەكلىرىدە تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان بىر نەچچە پاكىتقا يۈزلەنگەن بولاتتى؛ ئەنگلىيەنىڭ كۆپىنچە دۆلەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى، بىرىتانىيە ئىشچىلىرىنىڭ كىشەن-زەنجىردىن باشقا يوقىتىدىغان نۇرغۇن نەرسىلىرى بارلىقىنى، ھەمدە سىنىپ بىلەن سىنىپ ئارىسىدىكى قاراش ۋە ئادەتلەردىكى پەرقلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە ئازىيىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولاتتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇ كونا ئۇسلۇبتىكى «پىرولېتارىيات ئىنقىلابى» نىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولاتتى. لېكىن ئۇرۇش يىللىرىدا ھەم ئىنقىلابىي، ھەم كارغا يارايدىغان سوتسىيالىستىك پىروگراما مەيدانغا كەلمىدى؛ ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، شۈبھىسىزكى، ھېچكىمنىڭ ئۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ھەقىقىي خالىمىغانلىقى ئىدى. ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆز مائاشلىرىنى ئېلىپ، كونسېرۋاتىپلار بىلەن پات-پات خىزمەت ئالماشتۇرۇپ، ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشنى خالايتتى. كوممۇنىستلار بولسا بۇ يولدا قۇربان بولۇشنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاخىرقى مەغلۇبىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئاندىن ئەيىبنى باشقىلارغا دۆڭگەپ، يولنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشنى خالايتتى. سول قانات زىيالىيلىرى بولسا كونسېرۋاتىپ كۈچلەرگە كۈلۈپ، ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ روھىي ھالىتىنى يوقىتىپ، لېكىن يەنىلا پايدا ئالغۇچىلارنىڭ ئەگەشكۈچىسى

سۇپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ياقتۇرىدىغان ئورنىنى ساقلاپ قېلىپ، بۇ ۋەزىيەتنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇشنى خالايتتى. ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ سىياستى كونسېرۋاتىزمنىڭ بىر تۈرىگە، «ئىنقىلابىي» سىياسەت بولسا بىر خىل گۇمانلىق ئويۇنغا ئايلانغانىدى.

لېكىن ھازىر ئەھۋاللار ئۆزگەردى، ۋەھىملىك يىللار ئاخىرلاشتى. سوتسىيالىزمچى بولۇش ئەمەلىيەتتە سىز خېلىلا رازى بولغان بىر سىستېمىغا نەزەرىيە جەھەتتىن قارشى چىقىشنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ قېتىم بىز ھەقىقەتەن قىيىن ئەھۋالدا، يەنى بۇ «پەلەستىنلىكلەر باستۇرۇپ كەلدى، سامسۇن»[55] ۋەزىيىتىدۇر. بىز سۆزلىرىمىزنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز ياكى يوقىلىپ كېتىشىمىز كېرەك. بىز ئەنگلىيەنىڭ ھازىرقى بۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى بىلەن ئامان قالالمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمىز، شۇنداقلا بىز باشقا كىشىلەرنىڭ بۇ پاكىتنى تونۇشى ۋە بۇنىڭغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

---

55 The Philistines be upon thee, Samson!» تەۋرات (مۇقەددەس كىتاب) نىڭ كونا ئەھدە قىسمىدىكى «سامسون ۋە دېلىلا» ھېكايىسىدىن كەلگەن مەشھۇر بىر تارىخىي ۋە دىنىي ئىبارە بولۇپ، «ئى سامسون، پەلەستىنلىكلەر باستۇرۇپ كەلدى!» *(يەنى دۈشمەنلەر سېنى قورشىۋالدى، ئويغان!) دېگەن مەنىدە.*
قەدىمكى ئىسرائىللارنىڭ مەشھۇر پالۋىنى ۋە قازىسىسامسون ئۆزىنىڭ غايەت زور جىسمانىي كۈچى بىلەن تونۇلغانىدى. ئۇنىڭ كۈچىنىڭ سىرى ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىدا بولۇپ، خۇدا بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى بويىچە چاچلىرىنى ھېچقاچان ئالدۇرماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ مەشۇقى دېلىلا (Delilah) دۈشمەنلىرى بولغان پەلەستىنلىكلەردىن پارا ئېلىپ، سامسوننىڭ كۈچىنىڭ سىرىنى بىلىۋالىدۇ ۋە ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ.
پەلەستىنلىكلەر ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، دېلىلا :ئى سامسون، پەلەستىنلىكلەر باستۇرۇپ كەلدى!» دەپ ۋاقىراپ ئۇنى ئويغىتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا سامسوننىڭ كۈچى كەتكەن بولۇپ، دۈشمەنلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ كۆزلىرىنى ئويۇۋېتىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىبارە كۆچمە مەنىدە، ئادەم ئويلاپمۇ باقمىغان يەردىن تۇيۇقسىز خەتەرگە، كۆزلىمىگەن رىقابەتكە ياكى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش ۋەزىيەتلىرىنى كۆرستىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.
غەرب ئەدەبىياتىدا بۇ خىل ئىبارىلەر جەمئىيەت ياكى مەلۇم بىر شەخس ئۆزىنىڭ غەپلەتتە قالغانلىقىنى، ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئاللىقاچان ئۆزىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان كرىزىس مىنۇتلىرىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

بىز سوتسىيالىزمنى ئوتتۇرىغا قويماي تۇرۇپ بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالمايمىز، ياكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلماي تۇرۇپ سوتسىيالىزمنى بەرپا قىلالمايمىز. بۇنداق ۋاقىتتا، تىنچ يىللاردا مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ھەم ئىنقىلابىي، ھەم رېئال بولۇشىمىز مۇمكىن. خەلق ئاممىسىنى ئەگەشتۈرەلەيدىغان، فاشىزمچىلارنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن قوغلاپ چىقىرالايدىغان، ئەڭ زور ئادالەتسىزلىكلەرنى يوقىتالايدىغان ۋە ئىشچىلار سىنىپىغا كۆرەش قىلىدىغان بىرەر نەرسىسى بارلىقىنى كۆرستەلەيدىغان، ئوتتۇرا تەبىقە بىلەن زىتلىشىشىنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىدىغان، ساختا ۋە ئۇتوپىيەلىك خىياللارنىڭ ئورنىغا بىر ئىمپېرىيە سىياستىنى پەيدا قىلالايدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئەقىل-پاراسەتنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان سوتسىيالىستىك ھەرىكەت - تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق بىرەر ھەرىكەت مۇمكىن بولۇپ قالىدۇ.

## 2

بىزنىڭ ئۇرۇشتا بولۇشىمىز سوتسىيالىزمنى دەرسلىك كىتابىدىكى بىر سۆزدىن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان بىر سىياسەتكە ئايلاندۇردى.

خۇسۇسىي كاپىتالىزمنىڭ ئىنئامسىزلىكى پۈتۈن ياۋروپادا ئىسپاتلاندى. ئۇنىڭ ئادالەتسىزلىكى لوندوننىڭ شەرقى رايونىدا ئىسپاتلاندى. سوتسىيالىستلار ئۇزاققىچە قارشى تۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇلارنىڭ قولىدىكى غايەت زور بىر تۈرتكىگە ئايلاندى. باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئىمتىيازىغا يامىشىۋالىدىغان ئادەملەر، دۆلىتى خەتەر ئاستىدا قالغاندا ئۇلاردىن تېزلا ۋاز كېچىدۇ. ئۇرۇش ئۆزگىرىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئاملى. ئۇ ھەممە جەريانلارنى تېزلىتىدۇ، كىچىك پەرقلەرنى يوقىتىدۇ، رېئاللىقلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇرۇش بۇنى شەخسكە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈنلەي بىر شەخس ئەمەسلىكىنى كۆرستىدۇ. ئادەملەرنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشى ئۇلارنىڭ بۇنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ پەيتتە ئارام، راھەت، ئىقتىسادىي ئەركىنلىك، ئىجتىمائىي ئابرۇيدىن ۋاز كېچىش مەسىلىسى ئۇنچە كۆپ ئەمەس. ئەنگلىيەدە ئۆز دۆلتىنىڭ گېرمانىيە تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشىنى ھەققىي خالىيدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئەگەر گىتلېرنى يېڭىشنىڭ سىنىپىي ئىمتىيازنى يوقىتىشنى كۆرستىدىغانلىقى ئېنىق قىلىپ كۆرستىلسە، ئوتتۇرا قاتلامدىكى كىشلەرنىڭ

ئاساسلىق قىسمى، يەنى ھەپتىسىگە 6 فوندىستېرلىڭدىن يىلىغا 2000 فوندىستېرلىڭغىچە ھەق ئالىدىغان كىشىلەر بەلكىم بىزنىڭ تەرىپىمىزدە بولىدۇ. بۇ كىشىلەر تولىمۇ زۆرۈر، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆپ قىسىم تېخنىكىلىق مۇتەخەسسىسلەر بار. ئەلۋەتتە، ئاۋىئاتسىيە خادىملىرى ۋە دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ چوڭچىلىقى ۋە سىياسىي جەھەتتىن نادانلىقى ناھايىتى چوڭ بىر قىيىنچىلىق بولىدۇ. لېكىن شۇ ئايروپىلان ھەيدەيدىغانلار ۋە كېمە كوماندىرلىرى بولمىسا بىز بىر ھەپتىمۇ ئامان قالالمايتتۇق. ئۇلارغا پەقەت ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئارقىلىق يېقىنلاشقىلى بولىدۇ.

ئاقىلانە بىر سوتسىيالىستىك ھەرىكەت ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى خارلاشنىڭ ئورنىغا ئۇنى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ، ھازىرچە شۇنداق. لېكىن مەن ھېچقانداق قارشىلىق بولمايدۇ دېمەكچىمۇ؟ ئەلۋەتتە ياق. بۇنداق بىر نەرسىنى كۈتۈش ساددىلىق.

بۇ يەردە چوقۇم قاتتىق بىر سىياسىي كۈرەش بولىدۇ، ھەمدە ھەممە يەردە ئاڭسىز ۋە يېرىم ئاڭلىق بۇزغۇنچىلىق يۈز بېرىدۇ. مەلۇم بىر نۇقتىدا زوراۋانلىقنى ئىشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ھىندىستاندا فاشىزمچى بىر قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىنى ئاسانلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. بىزنىڭ يەنە پارىخورلۇق، نادانلىق ۋە چوڭچىلىققا قارشى كۈرەش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بانكىرلار ۋە چوڭ سودىگەرلەر، يەر خوجايىنلىرى ۋە پايدا ئالغۇچىلار، چاپلاق كۆتۈرۈۋالغان ئەمەلدارلار قولىدىن كېلىدىغان بارلىق توسالغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. ھەتتا ئوتتۇرا تەبىقىلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى خەۋپكە ئۇچرىغاندا قاقشاپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېكىن ئەنگلىيەنىڭ مىللىي بىرلىك تۇيغۇسى پارچىلىنىپ كەتمىگەنلىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاخىرقى ھېسابتا سىنىپىي نەپرەتتىن كۈچلۈكرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ سانلىقنىڭ ئىرادىسىنىڭ غەلىبە قىلىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. مىللەتتە بۆلۈنۈش پەيدا قىلماي تۇرۇپ، تۈپ ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دەپ ئويلاش بىھۇدىلىك؛ لېكىن خىيانەتچىلەر ئۇرۇش مەزگىلىدە باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن كۆپ ئاز بولىدۇ.

پىكىرنىڭ ئۆزگىرىشى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا يۈز بېرىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز ئۆزىگە يېتەرلىك تېزلىكتە يۈز بېرىشىگە تايانغىلى بولمايدۇ. بۇ ئۇرۇش گىتلېر ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى بىلەن دېموكراتىك ئاڭنىڭ ئۆسۈشى ئارىسىدىكى بىر مۇسابىقىدۇر. ئەنگلىيەنىڭ ھەممە يېرىدە — پارلامېنتتا ۋە ھۆكۈمەتتە، زاۋۇتلاردا ۋە قوراللىق قىسىملاردا، ئاشخانىلاردا ۋە ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان پاناھ جايلىرىدا، گېزىتلەردە ۋە رادىيودا تالاش-تارتىش جېدىلىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ھەر كۈنى كىچىك كىچىك مەغلۇبىيەتلەر، كىچىك غەلىبىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. موررىسوننىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىنىشى ئالدىغا مېڭىش بولسا، پرىستلېيىنىڭ† رادىيو نۇتۇقلىرىنىڭ چەكلىنىشى ئارقىغا چېكىنىش.[56] بۇ قارىغۇلارچە ئىزدەنگۈچىلەر بىلەن ئۆگەنگىلى ئۇنىمايدىغانلار، ياشلار بىلەن قېرىلار، تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر ئارىسىدىكى بىر كۈرەش. لېكىن شۈبھىسىزكى مەۋجۇت بولغان نارازىلىقنىڭ پەقەت توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەمەس، بەلكى مەقسەتلىك بىر شەكىلنى ئېلىشى ناھايىتى زۆرۈر. خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش نىشانلىرىنى ئېنىقلايدىغان ۋاقتى كەلدى. كېرەك بولغىنى ئاددىي، كونكرېت بىر ھەرىكەت پىروگراممىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا بارلىق مۇمكىن بولغان تەشۋىقاتلارنى بېرىشكە بولىدۇ، ھەمدە جامائەت پىكرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنالايدۇ.

مەن تۆۋەندىكى ئالتە نۇقتىلىق پىروگراممىنىڭ بىزگە كېرەكلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى تەۋسىيە قىلىمەن. دەسلەپكى ئۈچ نۇقتا ئەنگلىيەنىڭ ئىچكى

---

[56]ئورۋېل بۇ يەردە ئەنگلىيەنىڭ كونىلىشىپ قالغان، ئەمما ئۆزگىرىشنى خالىمايدىغان كونسېرۋاتىپ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ بىر ئادىمنى ئورنىدىن يۆتكەش ياكى باشقىسىنى تەيىنلەش ئارقىلىقلا ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتكەندەك كۆرسىتىدىغان، ئەمما ئەمەلىيەتتە ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتمەيدىغان (بىر قەدەم ئالدىغا، بىر قەدەم ئارقىغا ماڭىدىغان) ئويۇننى تەنقىد قىلغان. يەنى، سىياسىي جەھەتتە گەرچە بىرەر «سولچىلراق» ياكى يېڭى ئادەم (مۆررىسونغا ئوخشاش) مىنىستىرلىققا ئېلىپ كېلىنىپ «مەيداننى بىر قەدەم ئالدىغا ئىلگىرىلىگەندەك» كۆرسەتسىمۇ، ئوخشاش ۋاقىتتا خەلقنىڭ ئاۋازى بولغان پرىستلى قاتارلىق ئەركىن پىكىرلەر ئېقىمىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ «يەنە بىر قەدەم ئارقىغا قايتۇرۇلدى». نەتىجىدە، ئەنگلىيە سىياسىي ئىلىتى يەنىلا ئۆزگەرگەندەك كۆرۈنۈپ، ئەمەلىيەتتە كونا ئورنىدا قالدى.
بۇ پۈتۈنلەي ئەنگلىيە سىياسىي رەھبەرلىرىنىڭ ئىككىيۈزلىمچىلىكىگە ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدىكى سىياسىي «سودا-سېتىقلىرىغا» قىلىنغان ئۆتكۈر بىر سىياسىي مەسخىرە.

سىياسىتتىگە مۇناسىۋەتلىك، قالغان ئۈچ نۇقتا بولسا ئىمپېرىيە ۋە دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك:

1. زېمىن، كان، تۆمۈريول، بانكا ۋە ئاساسلىق سانائەتلەرنى دۆلەتلەشتۈرۈش.

2. كىرىملەرنى چەكلەش، ئەنگلىيەدىكى باجدىن خالىي ئەڭ يۇقىرى كىرىم ئەڭ تۆۋەن كىرىمدىن ئون ھەسسىدىن ئارتۇق ئېشىپ كەتمەيدىغان بولۇش.

3. مائارىپ سىستېمىسىنى دېموكراتىك لىنىيە بويىچە ئىسلاھ قىلىش.

4. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ھىندىستانغا ئايرىلىپ چىقىش ھوقۇقى بىلەن دەرھال دۆلەتچىلىك (Dominion) ئورنىنى بېرىش،

5. ھەر خىل ئىرقلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىمپېرىيە كېڭەش پالاتاسى قۇرۇش.

6. فاشىست كۈچلەرنىڭ قۇربانلىرى بولغان خىتاي، ئېفوپىيە ۋە باشقا بارلىق خەلق بىلەن رەسمىي ئىتتىپاق تۈزىدىغانلىقنى جاكارلاش.

بۇ پروگراممىنىڭ ئومۇمىي يۆزلىنىشى ئېنىق. ئۇ بۇ ئۇرۇشنى ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا، ئەنگلىيەنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇشنى نىشان قىلىدۇ. مەن بۇ پروگراممىنى ئەڭ ئاددىي ئادەممۇ چۈشىنەلەيدىغان ۋە سەۋەبىنى كۆرەلەيدىغان قىلىپ تەييارلىدىم، ھېچقانداق مۇرەككەپ نەرسىنى قەستەن كىرگۈزمىدىم. مۇشۇ پېتى ئۇنى «ئەينەك» (Daily Mirror)گېزىتىنىڭ باش بېتىگە بېسىشقا بولاتتى. لېكىن بۇ كىتابنىڭ مەقسەتلىرى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە كېڭەيتىش زۆرۈر.

1. دۆلەتلەشتۈرۈش. بىرەيلەن بىر قەلەم ئۇچى بىلەن سانائەتنى «دۆلەتلەشتۈرۈش» قەدىمىنى باسالايدۇ، ئەمما ئەمەلىي جەريان ئاستا ۋە مۇرەككەپ. كېرەك بولغىنى، بارلىق چوڭ سانائەتلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى رەسمىي ھالدا ئاممىۋى خەلققە ۋاكالەتلىك قىلىدىغان دۆلەتكە بېرىلىشى كېرەك. بۇ ئىش قىلىنغاندىن كېيىن، پەقەت ئىشلەپچىقارغان نەرسىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى

مۇلۇك ھۆججەتلىرى ۋە پاي چېكى گۇۋاھنامىلىرىگە ئىگە بولۇش ئارقىلىقلا ياشايدىغان ساپ ئىگىدارچىلىق سىنىپىنى يوقىتىش مۇمكىن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، دۆلەت ئىگىدارچىلىقى ھېچكىمنىڭ ئىشلىمەيلا ياشىماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سانائەتنىڭ يۈرۈشۈشىدە ئۇنىڭ قانچە تۈيۈقسىز ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس. ئەنگلىيەگە ئوخشاش بىر دۆلەتتە بىز پۈتۈن قۇرۇلمىنى ئۆرۈۋېتىپ ئاستىدىن قايتىدىن قۇرالمايمىز، بولۇپمۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇ تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كۆپ قىسىم سانائەت كارخانىلىرى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش خادىملار بىلەن داۋاملىشىدۇ، بۇرۇنقى ئىگىدارچىلار ياكى باشقۇرغۇچى مۇدىرلار دۆلەت خىزمەتچىلىرى سۈپىتىدە ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. نۇرغۇن كىچىك كاپىتالىستلارنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان سەۋەب بار. كاپىتالىستلار، بانكىرلار، يەر خوجايىنلىرى ۋە بىكارتەلەپ بايلار ( ئومۇمەن ئېيتقاندا يىلىغا 2000 فوندستېرلىڭدىن كۆپ كىرىمى بار سىنىپتىن) ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق بېقىندى كىشىلىرىنى ھېسابلىغاندىمۇ، ئەنگلىيەدە ئۇلار يېرىم مىليوندىن ئاشمايدۇ. تېرىلغۇ يەرلەرنى دۆلەتلەشتۈرۈش يەر خوجايىنى ۋە ئۆشرە ئالغۇچىنى سىقىپ چىقىرىش بولسىمۇ، دېھقانغا جەزمەن دەخلى قىلىشنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەنگلىيە يېزا ئىگىلىكىنىڭ قايتا تەشكىللىنىشنى، ھازىرقى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئورۇن جەھەتتە ياخشى بولۇشنى، ھېچ بولمىغاندا دەسلەپتە شۇنداق بولۇشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش تەس. دېھقانلار لاياقەتلىك بولغاندا، مائاشلىق باشقۇرغۇچى سۈپىتىدە ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان شۇنداق، پەقەت پايدا تېپىش ۋە بانكىغا مەڭگۈ قەرزدار بولۇشتەك قوشۇمچە ناچار تەرىپى بار. بەزى ئۇششاق سودا، ھەتتا كىچىك كۆلەملىك زېمىن ئىگىدارچىلىقىغا دۆلەت بەلكىم دەخلى قىلمايدۇ. مەسىلەن، ئىشنى كىچىك كۆلەمدىكى يەر ئىگىلىرى سىنىپىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىتىش بىلەن باشلاش ناھايىتى چوڭ خاتالىق بولىدۇ. بۇ كىشىلەر زۆرۈر، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئۇلار لاياقەتلىك، شۇنداقلا ئۇلار قىلىدىغان ئىشنىڭ مىقدارى ئۆزىگە ئۆزى خوجا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىغا باغلىق. لېكىن دۆلەت جەزمەن زېمىن ئىگىدارچىلىقىغا يۇقىرى چەك قويىدۇ (بەلكىم ئەڭ كۆپ بولغاندا ئون بەش مو)،

ھەمدە شەھەر رايونلىرىدىكى ھېچقانداق زېمىن ئىگىدارچىلىقىغا ئەسلا يول قويمايدۇ.

بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ماللىرى دۆلەتنىڭ مۈلكى دەپ ئېلان قىلىنغان پەيتتىن باشلاپ، خەلق ئاممىسى ھازىر ھېس قىلالمايدىغان دەرىجىدە، دۆلەتنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇلار شۇ چاغدا ئۇرۇش بولسۇن-بولمىسۇن، ئالدىمىزدىكى قۇربانلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە تەييار بولىدۇ. ھەمدە ئەنگلىيەنىڭ قىياپىتى ئازراق ئۆزگەرسىمۇ، ئاساسلىق سانائەتلىرىمىز رەسمىي دۆلەتلەشتۈرۈلگەن كۈندە، بىرلا سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋەيران قىلىۋېتىلىدۇ.

شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تەكىتلەش ئىگىدارچىلىقتىن باشقۇرۇشقا، ئىمتىيازدىن لاياقەتلىك بولۇشقا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. دۆلەت ئىگىدارچىلىقى ئۇرۇشنىڭ ئورتاق قىيىنچىلىقلىرى بىزگە تاڭغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاز ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭ ئۆزى زۆرۈر بولغان بىرىنچى قەدەم بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئىجتىمائىي تۈزۈمنى قايتا قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

2. كىرىملەر. كىرىملەرنى چەكلەش ئەڭ تۆۋەن مائاشنى بېكىتىشنى كۆرستىدۇ، بۇ پەقەت ھازىرقى ئىستېمال ماللىرىنىڭ مىقدارىغا ئاساسلانغان ۋە باشقۇرۇلىدىغان ئىچكى پۇل سىستېمىسىنى كۆرستىدۇ. بۇ يەنە ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقاندىنمۇ قاتتىق تالون سىستېمىسىنى كۆرستىدۇ. دۇنيا تارىخىنىڭ بۇ باسقۇچىدا ھەممە ئىنسانلارنىڭ دەل ئوخشاش كىرىمگە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاقمايدۇ. مۇكاپاتلاش بولمىسا مەلۇم خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا ھېچقانداق رىغبەتلەندۈرۈش بولمايدىغانلىقى قايتا-قايتا ئىسپاتلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن، پۇل مۇكاپاتىنىڭ ئۇنچە چوڭ بولۇشى كېرەك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە كىرىملەرنىڭ مەن تەكلىپ قىلغاندەك قاتتىق چەكلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەمىشە نورمالسىزلىقلار ۋە قېچىشلار بولىدۇ. لېكىن ئۇنىغا بىر نىسبەت بولۇشتەك كىرىم تەڭپۇڭلۇقىنى بارلىقىقا كەلتۈرمەسلىككە ھېچقانداق سەۋەب يوق. شۇ چەكلەر ئىچىدە مەلۇم تەڭپۇڭلۇق تۈيغۇسى مۇمكىن بولىدۇ. ھەپتىسىگە 3 فوندستېرلىڭغا ئىشلەيدىغان بىر ئادەم بىلەن يىلىغا 1500 فوندستېرلىڭ

ئالالايدىغان بىر ئادەم ئۆزلىرىنى قېرىنداشتەك ھېس قىلالايدۇ، ۋېستمىنستېر كېنەزى ۋە ۋاكالەتكار ئورۇندۇقلاردا ئۇخلايدىغانلار بۇنداق ھېس قىلالمايدۇ.

3. مائارىپ. ئۇرۇش مەزگىلىدە، مائارىپ ئىسلاھاتى مەقسەتتىن كۆرە ۋەدە بولۇشى مۇمكىن. نۆۋەتتە بىز مەكتەپ پۈتتۈرۈش يېشىنى ئۆستۈرۈش ياكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش خادىملىرىنى كۆپەيتىش ئورنىدا ئەمەسمىز. لېكىن بەزى دەرھال تاشلىنىدىغان قەدەملەر بار. بىز دېموكراتىك مائارىپ سىستېمىسىغا بىر قەدەم تاشلىيالايمىز. بىز ئاممۋى مەكتەپلەرنىڭ ۋە قەدىمكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئاپتونومىيەسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنى پەقەت قابىلىيەت ئاساسىدا تاللانغان دۆلەت ياردىمىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولدۇرۇشتىن باشلىيالايمىز. ھازىرچە، ئاممۋى مەكتەپ مائارىپى مەلۇم نىسبەتتە سىنىپي ئۆچمەنلىكنى يېتىلدۈرۈش ئورنى، ئوتتۇرا تەبىقىلەر بەلگىلىك كەسىپلەرگە كىرىش ھوقۇقىنىڭ بەدىلىگە ئالىي تەبىقىگە مەلۇم نىسبەتتە تۆلەيدىغان بىر خىل باجدىن ئىبارەت. بۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقى راست. ئوتتۇرا تەبىقىلەر ئوقۇش ھەققىنىڭ قىممەتلىكىگە قارشى چىقىشقا باشلىدى، ئەگەر ئۇرۇش يەنە بىر ياكى ئىككى يىل داۋاملاشسا، كۆپ قىسىم ئاممۋى مەكتەپلەرنى ۋەيران قىلىدۇ. كۆچۈرۈشمۇ بەزى كىچىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلماقتا. لېكىن مالىيە بوھرانىغا ئەڭ ئۇزۇن بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بەزى قەدىمكى مەكتەپلەرنىڭ چوڭچىلىقى ئۇنىڭ يىرىڭلىغان يارىسى سۈپىتىدە قانداقتۇر ئامان قالىدىغان بىر خەۋپ بار.

ئەنگلىيەگە ئىگە بولغان 10 مىڭ «خۇسۇسىي» مەكتەپكە كەلسەك، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى باستۇرۇشتىن باشقا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئۇلار پەقەت سودا كارخانىلىرى بولۇپ، نۇرغۇن ئەھۋاللاردا ئۇلارنىڭ مائارىپ سەۋىيەسى ئەمەلىيەتتە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭكىدىنمۇ تۆۋەن. ئۇلار پەقەت ئاممۋى ئورگانلار تەرىپىدىن «تەربىيەلىنىشتە بىرەر مەسىلە بار» دېگەن كەڭ تارقالغان پىكىر تۈپەيلىدىنلا مەۋجۇت.

دۆلەت، ئەگەر باشلىنىشتا بۇ پەقەت بىر ئىشارەتلا بولسىمۇ، بارلىق مائارىپ ئۈچۈن مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق بۇ پىكىرنى باستۇرالايدۇ. بىزگە ھەرىكەتلەرلا ئەمەس، بەلكى ئىشارەتلەرمۇ كېرەك.

«دېموكراتىزمنى قوغداش» دېگەن گەپلىرىمىزنىڭ، قابىلىيەتلىك بىر بالىنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك مائارىپقا ئېرىشىدىغان ياكى ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى پەقەت تۇغۇلۇش تاسادىپىيلىقىلا بەلگىلەيدىغان ئەھۋالدا بىھۇدە ئىكەنلىكى بەكلا ئېنىق.

4. ھىندىستان. ھىندىستانغا سۈنىدىغىنىمىز «ئەركىنلىك» ئەمەس، مەن ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئىتتىپاق، ھەمكارلىق - بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، تەڭپۇڭلۇقتۇر. لېكىن بىز يەنە ھىندىستانلىقلارغا شۇنى ئېيتىشىمىز كېرەككى، ئەگەر ئۇلار خالىسا ئايرىلىپ چىقسا بولىدۇ. بۇنداق بولمىسا ھەمكارلىقنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بولمايدۇ، شۇنداقلا بىزنىڭ باشقا ئىرقتىكى خەلقلەرنى فاشىزمدىن قوغداۋاتىمىز دېگەن دەۋايىمىزغا ھېچقاچان ئىشەنمەيدۇ. لېكىن ھىندىستانلىقلار ئەنگلىيەدىن ئايرىلىشتا ئەركىن بولغان تەقدىردە، ئۇلار دەرھال شۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلاش خاتالىقتۇر. بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارغا شەرتسىز مۇستەقىللىق تەقدىم قىلغاندا، ئۇلار بۇنى رەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ئايرىلىپ چىقىش ھوقۇقى پەيدا بولۇشى بىلەنلا بۇنداق قىلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى يوقاپ كېتىدۇ.

ئىككى دۆلەتنىڭ پۈتۈنلەي ئايرىلىشى ئەنگلىيەگىمۇ، ھىندىستانغىمۇ ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەقىللىق ھىندىستانلىقلار بۇنى بىلىدۇ. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدا، ھىندىستان ئۆزىنى قوغداپلا قالماي، ئۆزىنى بېقىشقىمۇ ئانچە قادىر ئەمەس. دۆلەتنىڭ پۈتۈن باشقۇرۇشى ئاساسلىقى ئىنگلىز بولغان ۋە بەش ياكى ئون يىل ئىچىدە ئورنىنى باسقىلى بولمايدىغان مۇتەخەسسىسلەر (ئىنژېنېرلار، ئورمان ئوفىتسېرلىرى، تۆمۈريولچىلار، ئەسكەرلەر، دوختۇرلار) رامكىسىغا باغلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنگلىز تىلى ئاساسلىق ئورتاق تىل بولۇپ، ھىندىستان زىيالىيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىنگلىزچە مەدەنىيەتكە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. ھىندىستاننى چەت ئەل ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش (چۈنكى ئەگەر ئىنگلىزلار ھىندىستاندىن چىقىپ كەتسە، ياپونىيە ۋە باشقا كۈچلەر دەرھال تاجاۋۇز قىلىدۇ) غايەت زور قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولاتتى. ياپونىيەلىكلەرمۇ، رۇسلارمۇ، گېرمانلارمۇ، ئىتالىيەلىكلەرمۇ ھىندىستاننى باشقۇرۇشقا ئىنگلىزلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەسىگە يېتەلمەيدۇ. ئۇلاردا كېرەكلىك تېخنىكىلىق مۇتەخەسسىسلەر تەمىناتى ياكى تىللار ۋە يەرلىك شارائىتلار توغرىسىدىكى بىلىم يوق، ھەمدە ئۇلار بەلكىم ئوتتۇرا قاتلامدا كەم بولسا بولمايدىغان كىشىلەرنىڭ

ئىشەنچىسگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەگەر ھىندىستان مۇنداقلا «ئەركىنلەشتۈرۈلگەن»، يەنى بىرىتانىيەنىڭ ھەربىي قوغدىشىدىن مەھرۇم قالغان بولسا، بىرىنچى نەتىجە يېڭى بىر چەت ئەل ئىشغالىيىتى بولاتتى، ئىككىنچى نەتىجە بولسا بىر نەچچە يىل ئىچىدە مىليونلىغان ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغان بىر قاتار زور ئاچارچىلىقلار بولاتتى.

ھىندىستانغا كېرەك بولغىنى بىرىتانىيە ئارىلاشمىغان، لېكىن ئۇنىڭ ھەربىي مۇداپىئەسى ۋە تېخنىكىلىق مەسلىھەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر خىل ھەمكارلىقتا ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىش ھوقۇقىدۇر. ئەنگلىيەدە سوتسىيالىستىك ھۆكۈمەت بولمىغۇچە بۇنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئەڭ ئاز دېگەندە سەكسەن يىلدىن بېرى ئەنگلىيە ھىندىستاننىڭ تەرەققىياتىغا سۈنئىي توسالغۇ بولۇپ كەلدى، بۇنىڭ سەۋەبى ئەگەر ھىندىستان سانائىتى بەك تەرەققىي قىلىپ كەتسە، ئەنگلىيە ئۇنىڭ سودا رىقابىتىدىن قورقۇشقا باشلايتتى؛ يەنە بىر سەۋەبى، ئارقىدا قالغان خەلقلەرنى مەدەنىيەتلىك خەلقلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان باشقۇرغىلى بولاتتى. ئادەتتىكى بىر ھىندىستانلىقنىڭ بىرىتانىيەلىكلەردىن كۆرە ئۆز يۇرتداشلىرىدىن بەكرەك زۇلۇم كۆرىدىغانلىقى ئادەتتىكى بىر ئىش. ھىندىستاننىڭ ئۇششاق كاپىتالىستلىرى شەھەر ئىشچىلىرىنى ئىنتايىن شەپقەتسىزلىك بىلەن ئېزىدۇ؛ دېھقانلار بولسا تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگۈچە قەرز بەرگۈچىنىڭ چاڭگىلىدا ياشايدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرىتانىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ۋاستىلىك نەتىجىسى بولۇپ، ھىندىستاننى ئىمكانقەدەر ئارقىدا قالغان ھالەتتە ساقلاشنى يېرىم ئاڭلىق ھالدا نىشان قىلىدۇ.

بىرىتانىيەگە ئەڭ سادىق بولغان سىنىپلار شاھزادىلەر، يەر خوجايىنلىرى ۋە ئومۇمەن سودا جەمئىيىتى بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى ئەھۋالدىن خېلىلا ياخشى پايدىلىنىۋاتقان مۇتەئەسسىپ سىنىپلاردۇر. ئەنگلىيە ھىندىستانغا قارىتا بىر تالانچى سۈپەتلىك تۇرۇشنى توختاتقان دەقىقىدە، كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئۆزگىرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بىرىتانىيەلىكلەرنىڭ ئالتۇن پىللىرى ۋە قورچاق ئارمىيەلىرى بار كۈلكىلىك ھىندىستانلىق شاھزادىلىرىنى ماختاپ كېتىشىنىڭ، ھىندىستان ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى توختىتىشىنىڭ، مۇسۇلمانلارنى قارشى قويۇشىغا ھېچقانداق ئېھتىياج قالمايدۇ...

ھىندىستانلىق قەرز بەرگۈچىنىڭ قىممەتسىز ھاياتىنى قوغداش، پارىخور كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ سالاملىرىنى قوبۇل قىلىش، يېرىم ۋەھشى گورىللانى تەربىيە كۆرگەن بېنگاللىقتىن بەكرەك ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن. ھىندىستانلىق ئىشلەمچىلەرنىڭ بەدىنىدىن چэлتېنهەمدىكى قېرى ئاياللارنىڭ بانكا ھېساباتلىرىغا ئېقىۋاتقان شۇ پايدا ئېقىمىنى بىر قېتىم توختىتىش، شۇ ۋاقىتتا بىر تەرەپتە تەكەببۇر نادانلىق، يەنە بىر تەرەپتە ھەسەتخورلۇق ۋە قۇللۇق بىلەن بولغان پۈتۈن «ساھىب-يەرلىك» باغلىنىشى ئاخىرلىشالايدۇ. ئىنگلىزلار ۋە ھىندىستانلىقلار ھىندىستاننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، شۇنداقلا ھىندىستانلىقلارنى ھازىرغىچە سىستېمىلىق ھالدا ئۆگىنىشتىن توسۇپ كېلىنگەن بارلىق سەنئەت تۈرلىرىدە تەربىيەلەش ئۈچۈن يانمۇ-يان ئىشلىيەلەيدۇ. ھىندىستاندىكى مەۋجۇت بىرىتانىيە خادىملىرىدىن، سودا ياكى رەسمىي بولسۇن، قانچىلىكى بىر قېتىمدىلا «ساھىب» بولۇشتىن توختاشنى كۆرسىتىدىغان بۇنداق بىر ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلىدۇ — بۇ باشقا بىر سوئال. لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ياش يىگىتلەردىن ۋە ئىلمىي تەربىيە كۆرگەن شۇ ئەمەلدارلاردىن (ئازابلىق ئىنژېنېرلار، ئورمانچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى، دوختۇرلار، مائارىپچىلار) تېخىمۇ كۆپ ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، ئۆلكە ۋالىيلىرى، كومىسسارلار، سوتچىلار قاتارلىقلار ئۈمىدسىزدۇر؛ لېكىن ئۇلار يەنە ئەڭ ئاسان ئورنىنى باسقىلى بولىدىغانلاردۇر.

بۇ بەلكىم ئەگەر بىرەر سوتسىيالىستىك بىر ھۆكۈمەت ھىندىستانغا ياردەم بەرمەكچى بولسا، دۆلەتچىلىك (Dominion) ئورنىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىدۇر. ئۇ دۇنيا بومباردىمانچى ئايروپىلانلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشتىن توختىغۇچە بولغان ئارىلىقتا تەڭپۇڭ شەرتلەر ئاستىدىكى ھەمكارلىق تەكلىپىدۇر. لېكىن بىز ئۇنىڭغا ئايرىلىپ چىقىش شەرتسىز ھوقۇقىنى قوشۇشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزگە راستتىنلا ئەمەل قىلىدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاشنىڭ بىردىنبىر يولى. ھىندىستانغا تەئەللۇق بولغان نەرسە، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگەرتىلگەن ھالدا، بۇرما، مالايسىيا ۋە كۆپ ساندىكى ئافرىقا مۇستەملىكىلىرىمىزگىمۇ تەئەللۇقتۇر.

5 ۋە 6ـ نۇقتىلار ئۆزىنى ئۆزى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ بۇ ئۇرۇشنى فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن تىنچ خەلقلەرنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىمىز توغرىدىكى ھەر قانداق دەۋانىڭ دەسلەپكى زۆرۈر قەدىمىدۇر.

بۇنداق بىر سىياسەتنىڭ ئەنگلىيەدە قوللاشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئويلاش مۇمكىن بولمىغان دەرىجىدە ئۈمىدۋارلىقمۇ؟ بىر يىل ئىلگىرى، ھەتتا ئالتە ئاي ئىلگىرى شۇنداق بولاتتى، لېكىن ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ـ ۋە بۇ ھازىرقى پەيتنىڭ ئالاھىدە پۇرستى ـ ئۇنىڭغا زۆرۈر تەشۋىقاتنى بېرىشكە بولاتتى. ھازىر مىليونلىغان تارقىلىش نۇسخىسىغا ئىگە، مەن يۇقىرىدا سىزگەن پىروگراممىنى بولمىسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن شۇ لىنىيە بويىچە بىرەر سىياسەتنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تەييار بولغان كۆرۈنەرلىك ھەپتىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرى بار. ئۇنىڭغا سىياقىدا قۇلاق سېلىشقا تەييار بولغان ئۈچ ياكى تۆت كۈندىلىك گېزىتمۇ بار. بۇ بىزنىڭ ئۆتكەن ئالتە ئاي ئىچىدە باسقان يولىمىزنىڭ ئارىلىقىدۇر.

لېكىن بۇنداق بىر سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولامدۇ؟ بۇ پۈتۈنلەي ئۆزىمىزگە باغلىق.

مەن تەكلىپ قىلغان بەزى نۇقتىلار دەرھال ئىجرا قىلىنىدىغانلاردىن، باشقىلىرى يىللار ياكى ئون يىللارنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە شۇ چاغدىمۇ مۇكەممەل ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ھېچقانداق سىياسىي پىروگرامما ھەرگىز تولۇق ئىجرا قىلىنمايدۇ. لېكىن مۇھىم بولغىنى شۇ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر نەرسىنىڭ بىزنىڭ ئېلان قىلىنغان سىياسىتىمىز بولۇشىدۇر. ھەممىدىن مۇھىمى يۆنىلىشتۇر. نۆۋەتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئۇرۇشنى ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان  ھېچنېمە يوق. ئۇ ئەڭ ياخشى بولغاندىمۇ بىر ـ ئىككى چەۋەندازنىڭ چېرچىل بىلەن بىرلىككە كەلگەن مۇرەسسە ھۆكۈمىتىدۇر. كىرىملەرنى چەكلەش قاتارلىق تەدبىرلەر تېخىمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك بولۇشتىن بۇرۇن، ھوقۇقتا پۈتۈنلەي بىر ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك...

كونا ھۆكۈمران سىنىپتىن يىراق تۇرۇش لازىم. ئەگەر بۇ قىشتا ئۇرۇش يەنە بىر تۇرغۇنلۇق مەزگىلىگە كىرىپ قالسا، مېنىڭچە بىز بىر مەيدان ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك، بۇ كونسېرۋاتىپ پارتىيە ماشىنىسى مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىدىغان بىر ئىشتۇر. لېكىن سايلامسىزمۇ بىز

ئۆزىمىز خالىغان ھۆكۈمەتكە ئېرىشەلەيمىز، بىز ئۇنى يېتەرلىك دەرىجىدە خالىساقلا بولدى، ئاستىدىن كەلگەن ھەقىقىي بىر تۈرتكە بۇنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئۇ كەلگەندە بۇ ھۆكۈمەتتە كىملەرنىڭ بولىدىغانلىقىغا كەلسەك، مەن پەرەز قىلمايمەن. مەن پەقەت خەلق ئۇلارنى راستتىنلا خالىغان ۋاقىتتا مۇۋاپىق ئادەملەرنىڭ شۇ يەردە بولىدىغانلىقىنىلا بىلىمەن، چۈنكى رەھبەرلەرنى ھەرىكەتلەر ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتلەر رەھبەرلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

بىر يىل، بەلكىم ھەتتا ئالتە ئاي ئىچىدە، ئەگەر بىزنى ناتسىستلار بويسۇندۇرالماي قالسا، بىز ئىلگىرى ھېچقاچان مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان بىر نەرسىنىڭ، يەنى مەخسۇس بىرىتانىيە سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ ئۆسۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ھازىرغىچە پەقەت ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى بار ئىدى، ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ياراتقان مەھسۇلى بولۇپ، ھېچقانداق ئاساسىي ئۆزگىرىشنى نىشان قىلمىغانىدى، شۇنداقلا ماركسىزم بار ئىدى، ئۇ رۇسلار تەرىپىدىن ئىزاھلىنىپ، ئەنگلىيەگە مۇۋەپپەقىيەتسىز كۆچۈرۈلگەن گېرمانىيە ئىدىيەسى ئىدى. ئەنگلىيە خەلقىنىڭ قەلبىگە راستتىنلا تەسىر قىلغان ھېچنېمە يوق ئىدى. پۈتۈن تارىخ جەريانىدا ئەنگلىيە سوتسىيالىزم ھەرىكىتى بىرەر جەلپكار مېلودىيەسى بولغان ناخشىنىمۇ ئىجاد قىلالمىغان. ئەنگلىيەگە خاس سوتسىيالىستىك ھەرىكەت پەيدا بولغاندا، ماركسىزمچىلار، ئۆتمۈشتىن مەنپەئەتلىنىدىغان باشقا بارلىقلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭ قەبىھ دۈشمەنلىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار مەجبۇرىي ھالدا ئۇنى «فاشىزم» دەپ ئەيىبلەيدۇ. سول قاناتنىڭ ئەركىن زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئەگەر بىز ناتسىستلارغا قارشى كۈرەش قىلساق ئۆزىمىزمۇ «ناتسىست» بولۇپ قالىمىز دەپ ئېلان قىلىش ئاللىقاچان ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ خۇددى قارا تەنلىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلساق ئۆزىمىزمۇ قارا بولۇپ قالىمىز دېگەنگە ئوخشاش گەپ. «ناتسىست» بولۇش ئۈچۈن گېرمانىيەنىڭ تارىخى ئارقىمىزدا بولۇشى كېرەك. مىللەتلەر پەقەت بىر ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشىدىن قۇتۇلالمايدۇ. بىر ئەنگلىيەلىك سوتسىيالىستىك ھۆكۈمەت مىللەتنى بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئۆزگەرتىدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا پۈتۈنلەي ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ، يەنى مەن بۇ كىتابنىڭ ئۆتكەن قىسىملىرىدا مۇزاكىرە قىلغان ئۆزگىچە مەدەنىيەتنىڭ روشەن بەلگىلىرىنى ئۆزىدە ساقلاپ قالىدۇ.

ئۇ خالىغانچە بولمايدۇ، ھەتتا لوگىكىلىقمۇ ئەمەس. ئۇ كېڭەش پالاتاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرسىمۇ، لېكىن پادىشاھلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرماسلىقى مۇمكىن. ئۇ ھەممە يەردە كونا تۈزۈملەر ۋە بوش ساھەلەرنى، فورما كىيگەن سوتچىنى ۋە ئەسكەرنىڭ تۈگمىلىرىدىكى شىرنى بىكار قىلىدۇ. ئۇ ھېچقانداق ئېنىق سىنىپىي دىكتاتۇرنى تىكلىمەيدۇ. ئۇ كونا ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئاممۋى ئەگەشكۈچىلىرى ئەتراپىغا توپلىنىدۇ، لېكىن ئۇ ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە بۇرژۇئازىيەنىڭ نۇرغۇن ياش ئوغۇللىرىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئۇنىڭ باشلىقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يېڭى مۇقىمسىز ئىشچىلار سىنىپى، تېخنىكىلىق مۇتەخەسسىسلەر، ئايروپىلان خادىملىرى، ئالىملار، ئارخىتېكتورلار ۋە ژۇرنالىستلاردىن، يەنى رادىئو ۋە تۆمۈر-بېتون دەۋرىدە ئۆزىنى ئۆز ئۆيىدەك ھېس قىلىدىغان كىشلەردىن بولىدۇ. لېكىن ئۇ مۇرەسسە قىلىش ئەنئەنىسى ۋە دۆلەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان قانۇنغا بولغان ئېتىقاد بىلەن بولغان ئالاقىنى ھەرگىز يوقاتمايدۇ. ئۇ خىيانەتچىلەرنى ئېتىۋېتىدۇ، لېكىن ئۇلارغا ئالدىن تەنتەنىلىك سوت ئېچىپ بېرىدۇ، بەزىدە ئۇلارنى ئاقلايدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئوچۇق قوزغىلاڭنى تېز ۋە شەپقەتسىزلىك بىلەن باستۇرىدۇ، لېكىن سۆزلەنگەن ۋە يېزىلغان سۆزلەرگە ئانچە دەخلى قىلمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئىسملاردىكى سىياسىي پارتىيەلەر يەنىلا مەۋجۇت بولىدۇ، ئىنقىلابىي مەزھەپلەر يەنىلا ئۆز گېزىتلىرىنى نەشر قىلىپ، ئىلگىرىكىدەكلا ئاز تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇ چېركاۋنى ئەمەلدىن قالدۇرسىمۇ، دىننى زىيانكەشلىككە ئۇچراتمايدۇ. ئۇ خىرىستىيان دىنىغا بولغان ھۆرمەتنى ساقلاپ قالىدۇ. خىرىستىيان دىنچىلىرى بىلەن ئەخلاق پرىنسىپى ھەققىدە سۆزلىشىدۇ ھەمدە ئەنگلىيەنى «خىرىستىيان دۆلتى» دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ. كاتولىك چېركاۋى ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ، لېكىن ئەنئەنىگە بويسۇنمايدىغان مەزھەپلەر ۋە ئېۋېنجىلىكال چېركاۋنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ بىلەن كېلىشەلەيدۇ. ئۇ چەت ئەل كۆزەتكۈچىلىرىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى بىرەر ئىنقىلابنىڭ يۈز بەرگەن-بەرمىگەنلىكىدىن گۇمانلاندۇرىدىغان ئۆتمۈشنى ئۆزلەشتۈرۈش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ زۆرۈر بولغان ئىشنى قىلغان بولىدۇ. ئۇ سانائەتنى دۆلەتلەشتۈرگەن، كىرىملەرنى ئازلاتقان، سىنىپسىز مائارىپ سىستېمىسىنى تىكلىگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىي تەبىئىتى دۇنيانىڭ ساقلىنىپ

قالغان باي ئادەملىرى ئۇنىڭغا ھېس قىلىدىغان نەپرەتتىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىمپېرىيەنى پارچىلاشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنى كۈچلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ؛ بىرىتانىيە بايرىقىدىن ئەمەس، بەلكى پۇلدارلاردىن، پايدا ئالغۇچىلاردىن ۋە يوغانباش بىرىتانىيە ئەمەلدارىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن بولغان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر فېدېراتسىيەسىگە ئايلاندۇرۇشنى نىشان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسى مۇلۇك باشقۇرىدىغان ھەرقانداق دۆلەتنىڭكىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ مەۋجۇت تۈزۈم يىقىتىلغاندا مەيدانغا كېلىدىغان تەسىرلەردىن قورقمايدۇ. ئۇ دۈشمەنلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ياكى دۈشمەن مۇستەملىكىلىرىدە يەرلىك قوزغىلاڭ قوزغاشتا ئەڭ كىچىك گۇمانغىمۇ ئىگە بولمايدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئۇسۇلدا جەڭ قىلىدۇكى، ھەتتا يەڭگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ خاتىرىسى مېترنېشنىڭ ياۋروپاسىغا فىرانسۇز ئىنقىلابىنىڭ خاتىرىسى خەتەرلىك بولغاندەك، غەلىبە قىلغۇچىغا خەتەرلىك بولىدۇ. دىكتاتورلار ھەتتا ھەربىي كۈچى ھازىرقىدىن ئون ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، ھازىرقى بىرىتانىيە تۈزۈمىدىن قورقالمىغاندەك ئۇنىڭدىن قورقىدۇ.

لېكىن ئەنگلىيەنىڭ ئۇيقۇسىز ھاياتى ئەمدىلا ئۆزگەرگەن، يېغىۋاتقان بومبىلار ئارىسىدىمۇ بايلىق بىلەن نامراتلىقنىڭ قارىمۇ قارشى كۆرۈنۈشى ھەممە ياقنى قاپلىغان بۇ پەيتتە، نېمە ئۈچۈن مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «بولىدىغانلىقىنى» ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالىدىم؟

چۈنكى زامان شۇنداق بىر نۇقتىغا كەلدىكى، كەلگۈسىنى «يا ئۇ يا بۇ» دېگەن نۇقتىدىن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. يا بىز بۇ ئۇرۇشنى ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا ئايلاندۇرىمىز (سىياسىتىمىز يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەر بىلەن دەل ئوخشاش بولىدۇ دەپ ئېيتالمايمەن. ئەمما شۇ ئومۇمىي لىنىيە بويىچە بولىدۇ دەيمەن) ياكى ئۇنى يوقاتتۇق، ھەمدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ نەرسىنى يوقاتتۇق. ئەمما ناھايىتى تېزلا بىر يولغا ياكى يەنە بىر يولغا قەدەم باسقانلىقىمىزنى جەزمەن ئېيتىش مۇمكىن بولىدۇ. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ھازىرقى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىمىز بىلەن غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىمىز ئېنىق. ھەقىقىي كۈچلىرىمىز، جىسمانىي، ئەخلاقىي ياكى ئەقلىي كۈچلىرىمىز سەپەرۋەر قىلىنمايۋاتىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونسېرۋاتىزىم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۇ ئەمەلىيەتتە كونسېرۋاتىزىمنىڭ ئەكسىچە، چۈنكى ئۇ ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، شۇنداقلا تىلسىم شەكىلدە ئوخشاش دەپ ھېس قىلىنىدىغان بىر نەرسىگە بولغان ساداقەتتۇر. ئۇ كەلگۈسى بىلەن ئۆتمۈش ئارىسىدىكى كۆۋرۈكتۇر. ھېچقانداق ھەقىقىي ئىنقىلابچى خەلقئارالىق بولۇپ باقمىغان.

ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا، ئەنگلىيە سول قاناتلىرى ئارىسىدا مودا بولغان پاسسىپ قاراش، زىيالىيلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە جىسمانىي جاسارەتكە كۈلۈشى، ئەنگلىيەنىڭ روھىي ھالىتىنى ئۈزلۈكسىز پارچىلاش ۋە ھاياتتىن ھۇزۇرلىنىشنىلا قوغلىشىپ، «مەن بۇنىڭدىن نېمىگە ئېرىشىمەن؟» دەيدىغان پوزىتسىيەنى تارقىتىش تىرىشچانلىقى ئەنگلىيەگە زىيان سېلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمىدى. ئەگەر بىز بۇ كىشىلەر كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بوشاڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقى دۇنياسىدا ياشىغان بولساقمۇ، بىزگە زىيانلىق بولاتتى. راكېتالار ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلانلار دەۋرىدە بۇ بىر ۋەيرانچىلىق ئىدى. ئۇنى قانچىلىك ياقتۇرماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، چىدامىلىق بولۇش ئامان قېلىشنىڭ بەدىلىدۇر. راھەت ياشاش ئۈچۈنلا تەربىيەلەنگەن، قۇللارچە ئىشلەيدىغان، توشقاندەك كۆپىيىدىغان بىر مىللەت ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئاساسىي مىللىي سانائىتى ئۇرۇشتىن ئىبارەت. ھەر خىل ئىرقتىكى ئەنگلىيەلىك سوتسىيالىستلار فاشىزمغا قارشى تۇرۇشنى خالىدى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار ئۆز يۇرتداشلىرىنى ئۇرۇشقا مايىل قىلماسلىقنى نىشان قىلدى. ئۇلار مەغلۇپ بولدى، چۈنكى ئەنگلىيەدە ئەنئەنىۋى ساداقەتلەر يېڭىلىرىدىن كۈچلۈكرەك. لېكىن سول قانات ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ فاشىزمغا قارشى قەھرىمانلىقلىرىغا قارىساق، ئەگەر ئادەتتىكى بىر ئەنگلىيەلىك New Statesman، Daily Worker ياكى ھەتتا News Chronicle[57] گېزىت-ژۇرناللىرى

---

[57] 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى ۋە بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ مەشھۇر گېزىت-ژۇرناللىرى بولۇپ، جورج ئورۋېل قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي مۇھىتتا كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

New Statesman (يېڭى دۆلەت ئادىمى) سولچىل سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ھەپتىلىك ژۇرنىلى. 1913-يىلى تەسىس قىلىنغان بۇ ژۇرنال ئەنگلىيەدىكى ئىلىم-پەن ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئىلغار، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى ۋە سوتسىيالىزمنى قوللايدىغان زىيالىيلارنىڭ ئاساسلىق

ياراتقان مەخلۇقلاردىن بولغان بولسا، فاشىزم بىلەن ھەقىقىي كۈرەش قىلىدىغان چاغدا بىزدە قانداق پۈرسەت قالاتتى؟

1935-يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە بارلىق ئەنگلىيە سول قاناتلىرى تىنچلىقپەرۋەر ئىدى. 1935-يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئاۋازى كۈچلۈك بولغانلىرى فاشىزم ئۇتتۇرىغا قويغان ئاممىۋى سەپ (Popular Front)[58] ھەرىكىتىگە ئۆزىنى

---

سەھنىسى بولغان. فابىئانلار جەمئىيىتى (Fabian Society) بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ سولچىل سىياسىي پىكرىنى شەكىللەندۈرۈشتە زور رول ئوينىغان.

Daily Worker (كۈندىلىك ئىشچى گېزىتى) ئەنگلىيە كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ رەسمىي كۈندىلىك گېزىتى. 1930-يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. بۇ گېزىت ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوللاشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئاشقۇن سولچىل، كوممۇنىستىك قاراشلارنى تەشۋىق قىلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بېشىدا گېرمانىيە ناتسىست ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ۋاقىتلىق چەكلەنگەن، لېكىن كېيىن يەنە پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان. (گېزىت كېيىنچە «Morning Star» دەپ ئاتالغان).

News Chronicle (خەۋەرلەر سالنامىسى) لوندوندا نەشر قىلىنىدىغان ئاساسلىق كۈندىلىك گېزىت. 1930-يىلى ئىككى كونا لىبېرال گېزىتنىڭ (Daily News ۋە Daily Chronicle) قوشۇلۇشىدىن مەيدانغا كەلگەن. بۇ گېزىت ئاساسلىقى لىبېرال سىياسىي لىنىيەگە ۋە مۆتىدىل ئىسلاھاتلارغا مايىل بولۇپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە كەڭ ئوقۇرمەنلەر توپىغا ئىگە، ئابرويلۇق گېزىتلەرنىڭ بىرى ئىدى. كېيىنچە 1960-يىللاردا باشقا بىر گېزىتكە قوشۇۋېتىلگەن.

[58] «Popular Front»ئاممىۋى سەپ 1930-يىللاردىكى ياۋروپادىكى ۋەزىيەت، بولۇپمۇ فاشىزم ۋە ناتسىزمنىڭ تېز سۈرئەتتە كۈچىيىشى ۋە دېموكراتىيەگە ئېغىر تەھدىت سېلىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. 1922 -يىلى ئىتالىيەدە مۇسسولىنى ھوقۇققا ئېرىشكەندىن كېيىن، 1933-يىلى ئادولف گىتلېر گېرمانىيەدە تەختكە ئولتۇردى ۋە ياۋروپادا ئاشقۇن ئوڭچىل، فاشىستىك كۈچلەر پۈتكۈل دېموكراتىك تۈزۈم ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتى ئۈچۈن غايەت زور خەۋەرگە ئايلاندى. دەسلەپتە كوممۇنىستلار سوتسىيال-دېموكراتلارنى «ئىجتىمائىي فاشىستلار» دەپ ئاتاپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلاتتى. بىراق، 1934-يىلى فرانسىيەدە فاشىستلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش ئۇرۇنۇشى ۋە گېرمانىيە كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ يوقىتىلىشىدىن كېيىن، خەلقئارا كوممۇنىستلار تەشكىلاتى سىياسىي لىنىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بارلىق سولچىل ۋە دېموكراتىك كۈچلەر بىلەن بىرلىشىش (ئاممىۋى سەپ قۇرۇش) قارارىنى ماقۇللىدى .بۇ بىرلىشىش ئىدىيەسى ئەمەلىيەتتە ئەڭ دەسلەپ فرانسىيە ۋە ئىسپانىيەدە زور نەتىجە بەردى. 1936-يىلى فرانسىيەدە سوتسىيالىستلار، رادىكاللار ۋە كوممۇنىستلار بىرلىشىپ ئاممىۋى سەپ ھۆكۈمىتىنى قۇردى ۋە سايلامدا غەلىبە قىلدى؛ شۇنىڭدەك شۇ يىلى ئىسپانىيەدىمۇ سولچىل پارتىيەلەر ئاممىۋى سەپ ئارقىلىق ھوقۇققا ئېرىشتى.

ئاتتى. ئۇ خالىس نىيەتتە، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھېچقانداق سىياسەتنى قوللىماستىن، پەقەت فاشىزمغا «قارشى» تۇرۇش ئارقىلىق «فاشىزمغا قارشى» بولۇشنى نىشان قىلدى، ئۇنىڭ تېگى-تەكتىدە ۋاقىت كەلگەندە رۇسلار بىز ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ دەيدىغان ئاقماس ئىدىيە بار ئىدى. بۇ خام خىيالنىڭ ئۆلمەسلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ھەر ھەپتىدە گېزىتلەرگە بىر مۇنچە خەتلەر كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ئەگەر ھازىرقى ھۆكۈمەتتە كونسېرۋاتىپلار بولمىغان بولسا، رۇسلار چوقۇم بىز تەرەپكە كېلىدىغاندەك تەسىرات پەيدا قىلىنغان. ياكى بىز ئالىي ئۇرۇش نىشانىمىزنى جاكارلايدىغان كىتابلارنى نەشر قىلىشىمىز كېرەك (Unser Kampf، If We Choose A Hundred Million Allies[59] قاتارلىق كىتابلارغا قاراڭ)، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئاھالىسى مەجبۇرىي ھالدا بىزنىڭ نامىمىزدىن دەس تۇرىدۇ. بۇنداق ئىدىيە-ئىلھامىڭىزنى چەت ئەلدىن ئىزدەڭ، باشقىلارنىڭ سىز ئۈچۈن جەڭ قىلىشىغا يول قويۇڭ. ئۇنىڭ تېگى-تەكتىدە ئەنگلىيەلىك زىيالىينىڭ ئۆزىنى كەمسىتىدىغان قورقۇنۇچلۇق پىسخىكىسى، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئەمدى جەڭگىۋار مىللەت ئەمەسلىكى، ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىشكە قادىر ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى ئېتىقاد بار.

راستىنى ئېيتقاندا، خىتايلاردىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىز ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغانلىقىنى ئويلايدىغان ھېچقانداق سەۋەب يوق، ئۇلار ئاللىقاچان ئۈچ يىلدىن بىرى بۇنى قىلىۋاتىدۇ. رۇسلار بىۋاستە ھۇجۇم قىلىنىش سەۋەبىدىن بىزنىڭ تەرىپىمىزدە جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ئەگەر باشقا يول بولسا گېرمانىيە ئارمىيەسىگە تاقابىل تۇرمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ كۆرسەتتى. ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۇلار ئەنگلىيەدىكى سول قانات

[59]ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيەدە ناتسىستلار گېرمانىيەسىگە قارشى تۇرۇش، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش ھەمدە كۆپ مىليونلىغان ئىتتىپاقداش كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ فاشىزمنى يوقىتىش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان سىياسىي كىتابچىلار ۋە ماقالىلەر نەشر قىلىنغان.

«Unser Kampf» گېرمانچە «مېنىڭ كۈرىشىم» (Mein Kampf) دېگەن سۆزگە يانداش، ئۆتكۈر ساتىرىك تۈستە ئېلىنغان نام بولۇپ، گىتلېرنىڭ كىتابىغا قارىتا يېزىلغان سىياسىي ماقالىلەرنى ياكى تەنقىدىي ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. «A Hundred Million Allies» «If We Choose» (يۈز مىليون ئىتتىپاقداش، ئەگەر بىز تاللىساق) قاتارلىقلارمۇ ئەنگلىيە خەلقىنى ۋە دۇنيادىكى ئېزىلگەن خەلقلەرنى فاشىزمغا قارشى بىر سەپكە ئۇيۇشۇشقا چاقىرىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دېموكراتىك روھنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەردۇر.

ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىغا قىزىقماسلىقى مۇمكىن. نۆۋەتتىكى روسىيە تۈزۈمى غەربتىكى ھەر قانداق ئىنقىلابقا مەجبۇرىي ھالدا دۈشمەن بولۇشى كېرەك. ياۋروپانىڭ بويسۇندۇرۇلغان خەلقلىرى گىتلېر تەۋرەشكە باشلىغاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئەمەس. بىزنىڭ يوشۇرۇن ئىتتىپاقداشلىرىمىز ياۋروپالىقلار ئەمەس، بىر تەرەپتىن ئامېرىكىلىقلار بولۇپ، ئەگەر چوڭ سودىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كەلگەندىمۇ بايلىقلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن بىر يىل ۋاقىت كېرەك بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنگلىيەدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزىمىزنىڭ ئىنقىلابى باشلانمىغۇچە ھېسسىيات جەھەتتىمۇ بىز تەرەپتە تۇرالمايدۇ. ئۇزاق ۋاقىت، بىر يىل، ئىككى يىل، مۇمكىن بولسا ئۈچ يىل داۋامىدا، ئەنگلىيە دۇنيا ۋەزىيىتىنى يۇمشاتقۇچى بولۇشى كېرەك. بىز بومبارىدىمان، ھەددىدىن زىيادە ئىشلەش، زۇكام، زېرىكىش ۋە خائىنلارچە سۇنۇلغان تىنچلىق تەكلىپلىرىگە يۈزلىنىشىمىز كېرەك. ئېنىقكى، بۇ روھىي ھالەتنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ئەمەس، بەلكى كۈچەيتىدىغان بىر پەيتتۇر. ئەنگلىيەگە ئاستىرتتىن قارشى چىقىۋاتقان سولچىلاردەك خىيال قىلماي، ئەگەر ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان مەدەنىيەت يوقىلىپ كەتسە دۇنيانىڭ راستتىنلا قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلىغان ياخشى. چۈنكى باشقا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان دۆلەتلەرنىڭ، ھەتتا ئامېرىكىنىڭمۇ ئەگەر بىرىتانىيە بويسۇندۇرۇلسا ھېچنېمە بولمايدۇ دەپ ئويلىشى ساددىلىقتۇر. لورد ھالىفاكس ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن قەبىلىسى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ئىشلارنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ۋېرسال شەتنامىسىگە[60] قايتىش، «دېموكراتىيە» گە، يەنى كاپىتالىزمغا قايتىش، بىر تەرەپتىن ئىشسىزلىق ياردەم پۇلى ئالىدىغان نامراتلار، بىر تەرەپتىن Rolls-Royce ماشىنىلىرىنى ھەيدەيدىغان بايلار دەۋرىگە قايتىش، كۈلرەڭ ئېگىز قالپاق ۋە ئاسما شىم دەۋرىگە قايتىشنىڭ ئەمدى يۈز بەرمەيدىغانلىقى ئەلۋەتتە ئېنىق. سۆھبەت ئارقىلىق تىنچلىق ھاسىل قىلىنغان

[60] ۋېرسال (Versailles) — فرانسىيەنىڭ پايتەختى پارىژنىڭ يېقىنىغا جايلاشقان، دۇنياغا مەشھۇر تارىخىي شەھەر ۋە ساراي. تارىختا بۇ سارايدا نۇرغۇنلىغان مۇھىم خەلقئارالىق كېلىشىملەر ئىمزالانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى 1919-يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۈزۈلگەن ۋېرسال تىنچلىق كېلىشىمى بولۇپ، بۇ كېلىشىم ئارقىلىق مەغلۇپ بولغان گېرمانىيەگە ئېغىر جازالار يۈكلەنگەن ۋە بۇ ئەھۋال كېيىنچە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

ئەھۋالدا بۇنىڭ ئاجىز بىر تەقلىدى ئوتتۇرىغا چىقالىشى مۇمكىن، لېكىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئەركىن كاپىتالىزىم ئۆلدى. ئەمدى تاللاشلار پەقەت گىتلېر تىكلىگەن مىللىي سوتسىيالىزم مەغلۇپ قىلىنغان ئەھۋالدا بارلىققا كېلەلەيدۇ.

ئەگەر گىتلېر بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلسا، ياۋروپا، ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئارمىيەلىرى بەك چېچىلىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ سوۋېت روسىيەسىدىن غايەت زور زېمىنلارنى تارتىۋالىدۇ. ئۇ گېرمانىيە ئاقسۆڭەكلىرى سلاۋيانلار ۋە ئەرزان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان باشقا كىچىك مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر جەمئىيەتنى تىكلەيدۇ. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئوچۇق-ئاشكارا مەڭگۈلۈك قۇللۇققا مەھكۇم قىلىدۇ. فاشىست كۆچلەرنىڭ بىرىتانىيە ئىمپېرىيالىزمى بىلەن بولغان ھەقىقىي جېدىلى شۇكى، ئۇلار ئىمپېرىيالىزمنىڭ پارچىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. ھازىرقى تەرەققىيات لىنىيەسى بويىچە يەنە يىگىرمە يىل ئۆتسە، ھىندىستان پەقەت ئىختىيارىي ئىتتىپاق ئارقىلىقلا ئەنگلىيە بىلەن باغلانغان دېھقانلار جۇمھۇرىيىتىگە ئايلىنىدۇ. گىتلېر نەپرەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان «يېرىم مايمۇنلار» ئايروپىلان ئۇچۇرىدۇ ۋە مىلتىق-بومبىلارنى ياسايدۇ. فاشىستلارنىڭ قۇل ئىمپېرىيەسى ئارزۇسى ئاخىرلىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر بىز مەغلۇپ بولساق، بىز ئۆزىمىزنىڭ قۇربانلىرىنى خىزمەتكە يېڭى كەلگەن ۋە ھېچقانداق گۇمان پەيدا قىلمىغان يېڭى خوجايىنلارغا ئاددىيلا تاپشۇرۇپ بېرىمىز. لېكىن ئاز سانلىق خەلقلەرنىڭ تەقدىرىدىن باشقىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەر بار. دۇنيادا بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدىغان ئىككى ئىدىيە بىر-بىرىگە قارشى كۆرەش قىلىۋاتىدۇ. «دېموكراتىيە بىلەن مۇستەبىتلىكنىڭ چىقىشىپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ موسسولىنى. بۇ ئىككى ئېتىقاد ھەتتا قىسقا مۇددەت بولسىمۇ بىللە ياشىيالمايدۇ. دېموكراتىيە (ھەتتا ئۇنىڭ ئىنگلىزلاردىكى ئەڭ مۇكەممەل بولمىغان شەكلى) مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، مۇستەبىتلىك ئۆلۈم خەۋپى ئاستىدا بولىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان پۈتۈن دۇنيادا ئىنسانلار تەڭ-باراۋەر دەيدىغان ئىدىيە ھۆكۈمران، گەرچە بىز بولايلى ياكى ئامېرىكىلىقلار بولسۇن، دېموكراتىيەگە ئەمەل قىلغانلىقىمىزنى ئېيتىش يالغانچىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىدىيە شۇ يەردە بار، ھەمدە ئۇ بىر كۈنى رېئاللىققا ئايلىنىشقا قادىر. ئىنگلىز مەدەنىيىتى يوقىلىپ كەتمىسلا ئاخىرىدا تەڭ-باراۋەر ۋە ئەركىن ئىنسانلار

جەمئىيىتى مەيدانىغا كېلىدۇ. لېكىن گىتلېر دەل خىرىستىيانلارنىڭ تەگپۈگلۈق ئىدىيەسىنى، يەنى ئىنسانلار تەڭ-باراۋەر، يەھۇدىي بولسۇن، خىرىستىيان بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش دېگەن ئىدىيەنى يوقىتىش ئۈچۈن كەلدى. خۇدا بىلىدۇ، ئۇ بۇنى كۆپ قېتىم ئېيتتى. ئۇنىڭغا كۆرە، قاراتەنلىك ئادەملەر ئاقسۆگەك ئادەملەردەك ياخشى ياشايدىغان ۋە يەھۇدىيلار ئىنسان سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدىغان بىر دۇنيا قورقۇنچلۇق دۇنيادۇر، ئۇ تۈگىمەس قۇللۇق ئىدىيەسىگە ئوخشاشلا ۋەھىمە ۋە ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ.

بۇ ئىككى قاراشنىڭ بىر-بىرىگە قانچىلىك زىت ئىكەنلىكىنى ئەستە ساقلاش مۇھىم. كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە سول قانات زىيالىيلىرى ئىچىدە گىتلېرپەرەس بىر قايتۇرما ئىنكاسنىڭ كۆرۈلۈشى بەكلا مۇمكىن. ئۇنىڭ ئالدىن پەرەز قىلىدىغان ئالامەتلىرى ئاللىقاچان بار.

گىتلېرنىڭ ئىجابىي نەتىجىسى بۇ كىشىلەرنىڭ مەنىسىزلىكىنى، تىنچلىققا مايىل بولۇش بىلەن بىرگە مازوخىزمدىن[61]، ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان ئازابتىن نەقەدەر ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بەردى. ئۇلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئازدۇر كۆپتۇر بىلگىلى بولىدۇ. ئۇلار دەسلەپتە بىرىتانىيە كاپىتالىزمىنىڭ ئۆزگىرىپ ئاينىپ كەتكەنلىكىنى ياكى گىتلېرنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ بىرىتانىيە ۋە ئامېرىكا مىليونېرلىرىنىڭ غەلىبىسىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئاندىن ئۇلار دېموكراتىيەنىڭمۇ مۇستەبىتلىكتىن پەرقلەنمەيدىغان بىر

---

[61]Masochism/ ئازابتىن ھۇزۇرلىنىش — ئۆزىگە جىسمانىي ياكى روھىي ئازاب سېلىش، قىيىنچىلىق تارتىش، خورلىنىش، جازالىنىش ئارقىلىق جىنسىي ياكى پسىخىكىلىق ھۇزۇر، قانائەت ھېس قىلىدىغان پسىخىك ۋە جىنسىي مايىللىق. بۇ ئاتالغۇ تۇنجى قېتىم ئاۋستىرىيەلىك يازغۇچى ليوپول زاخېر-مازوخ (Leopold von Sacher-Mazoch) نىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ پېرسوناژلىرىنىڭ ئازابلىنىشتىن ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىنى كۆپ تەسۋىرلەگەن. پسىخولوگىيەدە بۇ ئەھۋال بىر خىل خاھىش ياكى روھىي ھالەت سۈپىتىدە قارىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ياكى ئەدەبىياتتا، سىياسىي-ئىجتىمائىي ماقالىلەردە (مەسىلەن، جورج ئورۋېل قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە) بىرەر مىللەتنىڭ ياكى كوللېكتىپنىڭ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، ئۆزىنى قەستەن قىينايدىغان، ئادالەتسىز ياكى ۋەيران قىلغۇچى سىستېمىلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدىغان شارائىتلارغا ئۆزلۈكىدىن بويسۇنۇپ، خۇددى شۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك ياشايدىغانلارنى، جۈملىدىن ئۆزىنى قۇربان قىلىش خاھىشىنى تەنقىد قىلىش ئۈچۈن مەجازەن ئىشلىتىلگەن.

نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەنگلىيەدىكى سۆز ئەركىنلىكى گېرمانىيەگە ئوخشاشلا كۆپ ئەمەس. يېمەكلىككە ئۆچرەتتە تۇرۇش قورقۇنچلۇق بىر ئىش؛ شۇڭلاشقا گېستاپونىڭ ئازابلاش ئۆيلىرىدە تۇرۇش ئۇنىڭدىنمۇ ناچار ئەمەس. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىككى قارا بىر ئاقنى ھاسىل قىلىدۇ، يېرىم نان ھېچقانداق نان بولمىغان بىلەن ئوخشاش.

لېكىن ئەمەلىيەتتە، دېموكراتىيە ۋە مۇستەبىتلىك ھەققىدە نېمە دېيىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ئوخشاش دېمەك يالغانچىلىق. ئەنگلىيەدىكى دېموكراتىيە ھازىرقى باسقۇچىدىن ھالقىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى راست دېگىلى بولمايدۇ. مەخپىي ساقچىسى، تەكشۈرۈلىدىغان ئەدەبىياتى ۋە مەجبۇرىي ئەمگىكى بار مىلىتارىست دۆلەت ئۇقۇمى، نامرات مەھەللىلىرى ۋە ئىشسىزلىقى، ئىش تاشلاشلىرى ۋە پارتىيە سىياسىتى بار دېموكراتىيە دۆلىتى ئۇقۇمىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. بۇ قورۇقلۇق ئارمىيەسى بىلەن دېڭىز ئارمىيەسى، شەپقەتسىزلىك بىلەن ئۇنۇمسىزلىك، يالغانچىلىق بىلەن ئۆزىنى ئالداش، مەخپىي ساقچى بىلەن ئىجارە يىغقۇچى ئارىسىدىكى پەرقتۇر. ئۇلاردىن بىرنى تاللىغاندا ئادەم ئۇلارنىڭ ھازىر قانداق ئىكەنلىكىنى كۆپچىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نېمىگە ئايلىنىشقا قادىر ئىكەنلىكىگە ئاساسەن تاللايدۇ. لېكىن مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دېموكراتىيەنىڭ ئەڭ يۇقىرى ياكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەدە «مۇستەبىتلىكتىن ياخشى» ياكى ئەمەسلىكى مۇھىم ئەمەس. بۇنى بېكىتىش ئۈچۈن مۇتلەق ئۆلچەملەرگە ئېرىشىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ مۇھىم بولغان بىردىنبىر سوئال، قىيىنچىلىق كەلگەندە كىمنىڭ ھەقىقىي ھېسداشلىقىنىڭ نەدە بولىدىغانلىقىدۇر. دېموكراتىيەنى مۇستەبىتلىك بىلەن سېلىشتۇرۇشنى ۋە بىرىنىڭ يەنە بىرىگە ئوخشاش ناچار ئىكەنلىكىنى «ئىسپاتلاشنى» بەك ياخشى كۆرىدىغان زىيالىيلار ھېچقاچان رېئاللىققا دۇچ كېلىپ باقمىغان يۈزەكى كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ھازىر فاشىزم بىلەن چاقچاق قىلىشىپ يۈرگىنى ئەمەلىيەتتە فاشىزمنىمۇ تۈزۈك چۈشەنمەيدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

بىر ياكى ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ۋارقىراپ يۈرگەندەك، مەسىلە «گىتلېرنىڭ پايدىسىغا مىيۇنخېن كېلىشىمى دەۋاسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقالامسىز» دېگەن مەسىلە ئەمەس، بەلكى «ئۇ دەۋانى

ھەقىقىي قوبۇل قىلامسىز؟ گىتلېرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشنى خالامسىز؟ ئەنگلىيەنىڭ بويسۇندۇرۇلغىنىنى كۆرۈشنى خالامسىز ياكى خالىمامسىز؟» دېگەندىن ئىبارەت. دۈشمەن بىلەن مۇنداقلا بىتەرەپ بولۇشتىن بۇرۇن شۇ نۇقتىدا جەزم قىلغان ياخشى. چۈنكى ئۇرۇشتا بىتەرەپلىك دېگەن نەرسە يوق؛ ئادەم بۇ تەرەپكە ياكى ئۇ تەرەپكە ياردەم بېرىشى كېرەك.

قىيىنچىلىق كەلگەندە، غەرب ئەنئەنىسىدە تەربىيەلەنگەن ھېچكىم فاشىستلارنىڭ ھايات قارىشىنى قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇنى ھازىر ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭ نېمىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشىنىش مۇھىم. ئىنگلىز تىللىقلارنىڭ مەدەنىيىتىدە گىتلېرنىڭ ھورۇنلۇقى، تەكەببۇرلۇقى ۋە ئادالەتسىزلىكى ئۇنىڭ يولىدىكى بىردىنبىر چوڭ توسالغۇدۇر. ئۇ فاشىزمنىڭ بارلىق «خاتاسىز» دوگمالىرىنىڭ تىرىك كۆز قارىشىدۇر. شۇڭلاشقا ئۆتكەن يىللاردىن بىرى بارلىق فاشىست يازغۇچىلار ئەنگلىيە ئارمىيەسى يوقىتىلىشى كېرەك، ئەنگلىيە دېگەن دۆلەتمۇ «يوقىتىلىشى»، «ھالاك قىلىنىشى»، «ئەمدى مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك» دېگەن نۇقتىدا بىردەكلىككە كەلدى. ئىستراتېگىيەلىك جەھەتتىن بۇ ئۇرۇش گىتلېرنىڭ ياۋروپادىكى بىخەتەر ئىگىدارچىلىقى بىلەن، بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيەسى ئازراق تەسىرگە ئۇچرىغان ھالدا ئاخىرلىشىشى مۇمكىن. لېكىن ئىدىيەۋى جەھەتتىن بۇ مۇمكىن ئەمەس؛ ئەگەر گىتلېر مۇشۇنداق لىنىيە بويىچە بىرەر تەكلىپ سۇنسا، ئۇ پەقەت خائىنلارچە تەكلىپ بولىدۇ، ئۇ ئەنگلىيەنى ۋاستىلىك ھالدا بويسۇندۇرۇشى ياكى تېخىمۇ قۇلايلىق بىر پەيتتە ھۇجۇمنى قايتا باشلىشى مۇمكىن. ئاتلانتىك ئوكيان ئارقىلىق ئەنگلىيەگە ئېقىپ كېلىۋاتقان ئىدىيەلەر ياۋروپانىڭ ساقچى دۆلەتلىرىگە ئېقىپ كىرىۋاتقان ئىدىيەلەر بىلەن ئوخشاپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ نۇقتىئىنەزەرىمىزگە ئۆرۈپ، ئالدىمىزدىكى مەسىلىنىڭ غايەت زورلىقىنى، دېموكراتىيەمىزنى ئۆزىمىزدە بار بولغان دەرىجىدە ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرىمىز. بىلگىنىمىزدەك. دېموكراتىيەنى ساقلاپ قېلىش ئۇنى ھەمىشە كېڭەيتىش بىلەن بولىدۇ. ئالدىمىزدىكى تاللاش غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت ئارىسىدا بولۇشتىن كۆرە، ئىنقىلاب بىلەن بىپەرۋالىق ئارىسىدا بولىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان نەرسە پۈتۈنلەي يوقىتىلسا، ئۇ قىسمەن ئۆزىمىزنىڭ قىلمىشىمىز تەرىپىدىن يوقىتىلغان بولىدۇ.

ئەنگلىيە سوتسىيالىزمنى باشتىلا كىرگۈزۈپ، بۇ ئۇرۇشنى ئىنقىلابىي ئۇرۇشقا ئايلاندۇرۇپ، يەنىلا مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇنى ھەر قانداق ئەھۋالدا ئويلىغىلى بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ھازىر قورامىغا يەتكەن ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، بىر نەچچە باي ئادەم ۋە ئۇلار ياللىغان يالغانچىلار ئۈمىد قىلىۋاتقان «مۇرەسسەلىك تىنچلىق»تىن ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ ئاخىرقى ۋەيرانچىلىقىنى پەقەت بېرلىندىن كەلگەن بۇيرۇقلار بويىچە ئىش كۆرۈۋاتقان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىلا ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. لېكىن ئەگەر ئەنگلىيە ئالدىن ئويغانغان بولسا بۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئەھۋالدا مەغلۇبىيەت ئېنىق بولىدۇ، كۈرەش داۋاملىشىدۇ، ئىدىيە ئامان قالىدۇ. جەڭ قىلىپ يېڭىلىش بىلەن جەڭ قىلمايلا تەسلىم بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھەرگىزمۇ «ئابروي» ۋە ئوقۇغۇچىلارچە قەھرىمانلىق مەسىلىسى ئەمەس. گىتلېر بىر قېتىم مەغلۇبىيەتنى قوبۇل قىلىش بىر مىللەتنىڭ روھىنى يوقىتىدۇ دېگەنىدى. بۇ بىر قۇرۇق پاراڭدەك ئاڭلىنىدۇ، لېكىن ئۇ پۈتۈنلەي راست. 1870-يىلدىكى مەغلۇبىيەت فرانسىيەنىڭ دۇنياۋى تەسىرىنى ئازايتمىغانىدى. ئۈچىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن تەسىرى ناپالېئون III نىڭ فرانسىيەسىدىن كۆپرەك ئىدى. لېكىن پېتېن، لاۋال ۋە ئۇلارنىڭ شېرىكلىرى قوبۇل قىلغان تىنچلىق تۈرىنى پەقەت مىللىي مەدەنىيەتنى قەستەن يوقىتىش ئارقىلىقلا سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ۋىشى ھۆكۈمىتى پەقەت فرانسۇز مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرىنى، يەنى جۇمھۇرىيەتچىلىكنى، سېكۇلارىزىمنى، ئەقىل-پاراسەتكە ھۆرمەت قىلىشنى ۋە ئىرقىي ئايرىمچىلىقنى يوقاتقاندىلا ئاندىن ساختا مۇستەقىللىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەگەر بىز ئىنقىلابىمىزنى ئالدىبۇرۇن تاماملىغان بولساق، گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئاقساراي (Whitehall) نى بويلاپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن، لېكىن گېرمانىيەنىڭ كۈچ-قۇدرەت ئارزۇسى ئۈچۈن ئاخىرقى ھېسابتا ئۆلۈملۈك بولغان باشقا بىر جەريان باشلانغان بولىدۇ. ئىسپانىيە خەلقى مەغلۇپ بولدى، لېكىن ئۇلار شۇ ئۇنتۇلماس ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە ئۆگەنگەن نەرسىلەر بىر كۈنى ئىسپانىيە فاشىستلىرىغا قايتۇرما زەربە بولىدۇ.

ئۇرۇشنىڭ بېشىدا شېكسپىرنىڭ بىر پارچە داغدۇغىلىق سۆزى كۆپ نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ئەگەر خاتالاشمىغان بولسا، ھەتتا چەمبېرلېن ئەپەندىمۇ ئۇنى بىر قېتىم نەقىل كەلتۈرگەن:

دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىدىن قوراللىنىپ كەلسمۇ، ئۇلارنى زەربىگە ئۇچرىتىمىز: ئەگەر ئەنگلىيە ئۆزىگە سادىق قالسلا، ھېچنېمە بىزنى پۇشايمان قىلدۇرالمايدۇ.

ئەگەر سىز ئۇنى توغرا چۈشەنسىڭىز، بۇ پۈتۈنلەي توغرا. لېكىن ئەنگلىيە ئۆزىگە سادىق بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ قىرغاقلىرىمىزدىن پاناھلىق تىلىگەن مۇساپىرلار جازا لاگېرلىرىغا قامىلىپ تۇرغاندا، شىركەت مۇدىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچە پايدا بېجىدىن قېچىش ئۈچۈن ھىيلىگەرلىك پىلانلىرىنى تۈزۈۋاتقاندا، ئۆزىگە سادىق بولمىغان بولىدۇ. بۇ «تاتلېر» (Tatler) ۋە «تاماشىبىن»(Bystander)[62] ژۇرناللىرى بىلەن، رولس-رويس (Rolls-Royce) ماشىنىسىدىكى خانىم بىلەن خوشلىشىش دېگەنلىكتۇر. نېلسون بىلەن كرومۋېلنىڭ ۋارىسلىرى كېڭەش پالاتاسىدا ئەمەس. ئۇلار ئېتىزلاردا ۋە كوچىلاردا، زاۋۇتلاردا ۋە قوراللىق قىسىملاردا، ئەرزان قاۋاقخانىلاردا ۋە شەھەر سىرتىدىكى ئارقا باغلاردا؛ نۆۋەتتە ئۇلار يەنىلا بىر ئەۋلاد ئەرۋاھلار تەرىپىدىن بېسىپ تۇرۇلماقتا. ھەقىقىي ئەنگلىيەنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋەزىپىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەتتا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشمۇ (گەرچە زۆرۈر بولسىمۇ) ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنقىلاب ئارقىلىق بىز ئۆزىمىزگە تېخىمۇ يېقىنلىشىمىز،

[62] «Tatler» بىلەن «Bystander» — 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ داڭلىق، ئاقسۆڭەكلەر ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدا ئالقىشقا ئېرىشكەن ئىجتىمائىي ھايات ۋە ساتىرىك ژۇرناللىرى بولۇپ، جورج ئورۋېل قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەينى دەۋردىكى ئاقسۆڭەكلەر تۇرمۇشىنى ۋە ئىجتىمائىي سىنىپ پەرقلىرىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ.
تاتلېر 1709-يىلى تارىختىمۇ مەۋجۇت بولغان داڭلىق ئەدەبىي نەشرىنىڭ نامىنى داۋاملاشتۇرغان، 20-ئەسىردە قايتا جانلانغان ھەشەمەتلىك ھەپتىلىك ژۇرنال. ئۇ ئاساسلىقى ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرمۇشى، يۇقىرى دەرىجىلىك جەمئىيەت پائالىيەتلىرى، توي-تۆكۈنلەر، مودا، سەنئەت، ئات بەيگىسى ۋە خان جەمەتىگە ئائىت خەۋەرلەر بىلەن سۈرەتلەرنى ئېلان قىلىدىغان، ئەنگلىيە يۇقىرى قاتلىمىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك ئىدى.
Bystander تاماشىبىن 1903-يىل تەسىس قىلىنغان، كۈندىلىك ۋەقەلەر، سىياسەت، مەدەنىيەت ۋە ئالاھىدە كارتون-ساتىرىلارغا ئورۇن بېرىدىغان ھەپتىلىك ژۇرنال. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرى مەزگىلىدە بۇ ژۇرنال ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر سىياسىي كارتونلىرى بىلەن ناھايىتى مەشھۇر بولغان. ئۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئۇرۇش ۋە سىياسەتنى يەڭگىل، ساتىرىك ۋە كۈلكىلىك بىر پوزىتسىيەدە كۆرسىتىپ بېرەتتى.

يىراقلاشمايمىز. يېرىم يولدا توختاپ قېلىش، زەربە بېرىشنى توختىتىپ مۇرەسسە قىلىش، «دېموكراتىيە» نى قۇتقۇزۇپ قېلىش، بىر جايدا توختاپ قېلىش دېگەن گەپ يوق. ھېچنېمە ھەرگىز بىر جايدا توختاپ تۇرمايدۇ. بىز مىراسىمىزغا مىراس قوشۇشىمىز ياكى ئۇنى يوقىتىپ قويۇشىمىز كېرەك، بىز تېخىمۇ زورىيىشىمىز ياكى كىچىكلەپ كېتىشىمىز كېرەك، بىز ئالدىغا مېڭىشىمىز ياكى كەينىگە چېكىنىشىمىز كېرەك. مەن ئەنگلىيەگە ئىشىنىمەن، ھەمدە بىزنىڭ ئالدىغا ماڭىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن.

# دارغا ئېسىش

بۇ بېرمىدا، يامغۇرلۇق ۋە نەم بىر ئەتىگەن ئىدى. سېرىق قەلەي قەغىزىگە ئوخشايدىغان ئاجىز، كېسەلچان بىر يورۇقلۇق ئېگىز تاملار ئۈستىدىن تۆرمە هويلىسىغا قىيپاش چۈشۈپ تۇراتتى. بىز كىچىك هايۋانات قەپەسلىرىگە ئوخشايدىغان، ئالدىغا قوش رېشاتكا ئورنىتىلغان بىر قاتار كەپىلەر بولغان، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر كامېرلىرىنىڭ سىرتىدا كۈتۈپ تۇراتتۇق. هەر بىر كامېرنىڭ چوڭلۇقى تەخمىنەن ئون كۋادرات فۇت[63] بولۇپ، ئىچىدە بىر تاختاي كارىۋات ۋە بىر ئىدىش ئىچىملىك سۇدىن باشقا هېچنېمە يوق، قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يوتقانلىرىغا ئورىنىۋالغان، قوڭۇر تەنلىك جىمغۇر ئادەملەر ئىچكى توساقنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. بۇلار كېيىنكى بىر ياكى ئىككى هەپتە ئىچىدە دارغا ئېسىلىدىغان، ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغان مەهبۇسلار ئىدى.

بىر مەهبۇس كامېرىدىن ئېلىپ چىقىلغانىدى. ئۇ بىر هىندى بولۇپ، چېچى چۈشۈرۈلگەن، كۆزلىرى ياشاڭغۇراپ تۇرىدىغان، ئىنتايىن ئورۇق، ۋىجىك بىر ئادەم ئىدى. كىنولاردىكى قىزىقچىلارنىڭ بۇرۇتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، بوي-تۇرقىغا پەقەتلا ماس كەلمىگەن دەرىجىدە چوڭ، قويۇق، ئۆسۈپ كەتكەن بۇرۇتى بار ئىدى. بويلىرى ئېگىز كەلگەن هىندىستانلىق ئالتە تۆرمە ساقچىسى ئۇنى قوغداپ، دارغا ئېسىشقا تەييارلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى مىلتىقلىرىغا نەيزىلىرىنى ئورنىتىپ تەييار تۇراتتى، باشقىلار بولسا ئۇنىڭغا كويزا سېلىپ، كويزىدىن بىر زەنجىرنى ئۆتكۈزۈپ ئۆزلىرىنىڭ كەمەرلىرىگە تاڭدى ۋە ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى يېنىغا قىسىپ چىڭ باغلىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئىنتايىن زىچ توپلىنىپ، خۇددى ئۇنىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن هەر

[63]فۇت (Foot، كۆپلىكى: Feet) — ئىنگلىز ئۆلچەم سىستېمىسىدىكى ئۇزۇنلۇق ۋە ئارىلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە پۇت ئىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاساسىدا كېلىپ چىققان.

1 فۇت = 0.3048 مېتىر (ياكى تەخمىنەن 30.48 سانتىمېتىر).

1 فۇت 12 ديۇم (Inch) غا تەڭ.

3 فۇت 1 يارد (Yard) غا تەڭ.

ۋاقىت سىلاپ بېقىۋاتقاندەك، قوللىرىنى ھەمىشە دىققەت بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدە چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ خۇددى يەنىلا تىرىك بولغان ۋە قايتا سۇغا سەكرەپ كېتىشى مۇمكىن بولغان بىر بېلىقنى تۇتۇپ تۇرغان ئادەملەرگە ئوخشايتتى.

لېكىن مەھبۇس قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتمەي، خۇددى نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئانچە سەزمىگەندەك، بىلەكلىرىنى بوش باغلانغان ئارغامچىلارغا تۇتۇپ بېرىپ قاراپ تۇراتتى.

سائەت سەككىز بولدى. نەم ھاۋادا غېرىبسىنغان ھالدا ئاجىز ئاڭلانغان بىر بۇرغىنىڭ ئاۋازى يىراقتىكى قىسىم گازارمىسىدىن لەيلەپ كەلدى. بىزدىن ئايرىلىپ يەككە تۇرغان، ھاسىسى بىلەن قۇم-شېغىللارنى زېرىككىشلىك ھالدا تۇرتۇپ تۇرغان تۇرمە باشلىقى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ قوپال ئادەم ئىدى. ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا: «خۇدا ھەققى، تېزرەك بول، فىرانسىس، بۇ ئادەم بۇ ۋاقىتچە ئۆلۈپ بولۇشى كېرەك ئىدى. تېخىچە تەييار بولمىدىڭلارمۇ؟» دېدى.

تۇرمە خادىمى فىرانسىس، ئاق رەڭلىك كاستيۇم كيگەن، ئالتۇن كۆزەينەك تاقىغان سېمىز ئادەم بولۇپ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ تېز-تېز سۆزلەپ: «شۇنداق ئەپەندىم، شۇنداق ئەپەندىم، ھەممىسى تولۇق تەييارلاندى. جاللات كۈتۈپ تۇرىدۇ. بىز داۋاملاشتۇرىمىز» دېدى.

«ئۇنداقتا، تېز ميڭىڭلار. بۇ ئىش ئاخىرلاشمىغۇچە مەھبۇسلار ناشتىسىنى قىلالمايدۇ.»

بىز دار ياغىچىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئىككى تۇرمە ساقچىسى مەھبۇسنىڭ ئىككى يېنىدا مىلتىقلىرىنى مۈرىسىگە ئېسىپ ماڭاتتى؛ يەنە ئىككىسى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، بىلەك ۋە مۈرىسىدىن چىڭ تۇتۇپ، خۇددى ئۇنى بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئىتتىرىۋاتقاندەك، ھەم يۆلەپ ميڭىۋاتقاندەك ماڭاتتى. قالغانلىرىمىز، سوتچىلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر كەينىدىن ئەگەشتۇق. بىز ئون يارد [64]ماڭغاندا،

---

[64]يارد (Yard) — ئىنگلىز ئۆلچەم سىستېمىسىدىكى ئۇزۇنلۇق ۋە ئارىلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ مېتىر سىستېمىسىدىكى قىممىتى تۆۋەندىكىچە:
1 يارد = 0.9144 مېتىر (ياكى تەخمىنەن 91.44 سانتىمېتىر).
ئادەتتە 1 يارد 3 فۇت (Foot) كە ياكى 36 دىيۇم (Inch) غا تەڭ كېلىدۇ.

قوشۇن ھېچقانداق بۇيرۇق ياكى ئاگاھلاندۇرۇشسىزلا تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. خۇدا بىلىدۇ قەيەردىن كەلگەن بىر ئىت، ھويلىدا پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھاۋ-ھاۋ قىلىپ قاۋىغىنىچە ئوتتۇرىمىزغا سەكرەپ كىردى، شۇنچە كۆپ ئىنسانلارنىڭ بىللە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ھاياجانلىنىپ، پۈتۈن بەدىنىنى شىلتىپ بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا سەكرەپ يۈردى. ئۇ ئالاچىپار، يۇڭلۇق چوڭ ئىت ئىدى. بىر دەم ئەتراپىمىزدا سەكرەپ يۈردى، ئاندىن بىرەرسى ئۇنى توسۇپ قېلىشتىن بۇرۇنلا، مەھبۇسقا قاراپ ئېتىلدى ۋە سەكرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يۈزىنى يالىماقچى بولدى. ھەممە ئادەم نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى، ھەتتا ئىتنى تۇتۇشقىمۇ ئۇلگۈرەلمەي ھاڭ-تاڭ قېلىشتى.

«بۇ لەنەتتەككۈر مەخلۇقنى بۇ يەرگە كىم كىرگۈزۈۋەتتى؟» دېدى تۈرمە باشلىقى غەزەپ بىلەن. «تۇتۇڭلار ئۇنى!»

قوغدىغۇچىلاردىن ئايرىلغان بىر تۈرمە ساقچىسى ئىتنىڭ كەينىدىن كالاڭپايلارچە قوغلىدى، لېكىن ئىت ھەممە ئىشنى بىر ئويۇندەك كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولى يەتمەيدىغان جايدا ئۇسسۇل ئويناپ ۋە سەكرەپ يۈردى. بىر ياش ياۋرو-ئاسىيالىق تۈرمە ساقچىسى بىر سىقىم قۇم-شېغىلنى ئېلىپ، ئىتنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ھەيدىمەكچى بولدى، لېكىن ئۇ تاشلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، بىزنىڭ كەينىمىزدىن يەنە ئەگەشتى. ئۇنىڭ قاۋاشلىرى تۈرمە تاملىرىدىن ئەكس سادا قايتۇردى. ئىككى تۈرمە ساقچىسىنىڭ قولىدىكى مەھبۇس خۇددى بۇ دارغا ئېسىشنىڭ يەنە بىر رەسمىيىتىدەك، قىزىقمايلا قاراپ تۇراتتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئاندىن بىرى ئىتنى تۇتۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئاندىن بىز مېنىڭ قولياغلىقىمنى ئۇنىڭ بويىنىدىكى تاسمىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، قايتا يولغا چىقتۇق، ئىت يەنىلا تارتىنىشىپ ۋە قاڭشىپ تۇراتتى.

دار ياغىچىغا تەخمىنەن قىرىق يارد ئارىلىق بار ئىدى. مەن ئالدىمدا مېڭىۋاتقان مەھبۇسنىڭ يالىڭاچ قوڭۇر دۈمبىسىگە قاراپ ماڭدىم. ئۇ باغلانغان بىلەكلىرى بىلەن قولاشمىغان ھالدا، لېكىن تىزلىرىنى ھەرگىز تۈزلىمەيدىغان ھىندىستانلىقلارنىڭ شۇ بىر خىل سەكرەپ مېڭىش ئۇسۇلىدا مۇقىم قەدەم بېسىپ ماڭاتتى. ھەر بىر قەدەمدە ئۇنىڭ مۇسكۇللىرى رەتلىك قىمىرلايتتى، بېشىدىكى

بىر تۇتام چېچى ئىگىز-پەس سەكرەيتتى، پۇتلىرى نەم شېغىلغا ئۆز ئىزىنى قالدۇراتتى. ھەممە بىر قېتىم، ھەر ئىككى مۇرىسىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان ئادەملەرگە قارىماي، يولدىكى بىر كۆلچەكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئازراق چەتكە چىقتى.

بۇ غەلىتە ئىش ئىدى، لېكىن شۇ دەقىقىگىچە مەن ساغلام، ئاڭلىق بىر ئادەمنى يوقىتىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم. مەھبۇسنىڭ كۆلچەكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈش ئۈچۈن بىر چەتكە چىققانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ھاياتى قىزغىن ئېقىۋاتقان بىر ۋاقىتتا بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ سىرلىقلىقىنى، ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خاتالىقىنى كۆرۈپ يەتتىم. بۇ ئادەم ئۆلۈۋاتقان ئەمەس، ئۇ خۇددى بىز تىرىك بولغاندەكلا تىرىك ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بارلىق ئەزالار ئىشلەۋاتاتتى — ئۈچەيلەر يېمەكلىكنى ھەزىم قىلىۋاتاتتى، تېرە ئۆزىنى يېڭىلاۋاتاتتى، تىرناقلار ئۆسۈۋاتاتتى، توقۇلمىلار شەكىللىنىۋاتاتتى — بۇلارنىڭ ھەممىسى تەنتەنىلىك بىر ئەخمەقلىق ئىچىدە جاپالىق ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ دار سۇپىسىدا تۇرغىنىدا، ياشاش ئۈچۈن بىر مىنۇت قالغاندا يىقىلىۋاتقىنىدىمۇ ئۇنىڭ تىرناقلىرى يەنىلا ئۆسۈۋاتقان بولاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى سېرىق شېغىل ۋە كۇلرەڭ تاملارنى كۆرۈۋاتاتتى، مېڭىسى يەنىلا ئەسلەۋاتاتتى، ئالدىن كۆرۈۋاتاتتى، مۇھاكىمە قىلىۋاتاتتى — ھەتتا كۆلچەكلەر توغرىسىدىمۇ مۇھاكىمە قىلىۋاتاتتى. ئۇ ۋە بىز بىرلىكتە ماڭغان، ئوخشاش دۇنيانى كۆرۈۋاتقان، ئاڭلاۋاتقان، ھېس قىلىۋاتقان، چۈشىنىۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىدۇق؛ ۋە ئىككى مىنۇتتىن كېيىن، تۇيۇقسىز بىر ئۈزۈلۈش بىلەن، بىزدىن بىرى يوقاپ كېتەتتى — بىر ئەقلىي ئېڭىمىز، بىر دۇنيامىز كېمەيتىلەتتى.

دار ياغىچى تۈرمىنىڭ ئاساسلىق مەيدانىدىن ئايرىم، ئېگىز تىكەنلىك ئوت-چۆپلەر بىلەن قاپلانغان كىچىك بىر ھويلىدا تۇراتتى. ئۇ بىر قوتاننىڭ ئۈچ تەرىپىگە ئوخشايدىغان، ئۈستىگە تاختايلار ياتقۇزۇلغان، ئۇنىڭدىن يۇقىرىدا ئىككى تۈۋرۈك ۋە ئارغامچا ئېسىپ قويۇلغان جاھازا ئىدى. مەھبۇسلارنىڭ ئاق كىيىمنى كىيگەن، چاچلىرى ئاقارغان بىر جاللات (دارغا ئاسقۇچى) ئۆز قورالىنىڭ يېنىدا كۈتۈپ تۇراتتى. بىز كىرگەندە ئۇ قۇللارچە ئېگىلىپ بىزنى قارشى ئالدى. فىرانسىسنىڭ بىر سۆزى بىلەن ئىككى تۈرمە ساقچىسى مەھبۇسنى ھەر قاچانقىدىنمۇ بەكرەك چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى دار ئاغىچىغا يېرىم يېتەكلەپ، يېرىم

ئىتتىرىپ ئېلىپ باردى ۋە پەلەمپەيدىن چىقىشىغا  ياردەملەشتى. ئاندىن جاللات چىقىپ، ئارغامچىنى مەھبۇسنىڭ بوينىغا چىگىتتى.

بىز بەش يارد نېرىدا كۈتۈپ تۇردۇق. تۈرمە ساقچىلىرى دار ياغىچىنىڭ ئەتراپىغا تەخمىنەن بىر ھالقا بولۇپ تىزىلدى. ئاندىن، سىرتماق باغلانغاندىن كېيىن، مەھبۇس ئۆز خۇداسىغا ىىدا قىلىپ تۇۋلاشقا باشلىدى. بۇ دۇئا ياكى ۋەھىمىلىك تۇۋلاشقا ئوخشمايدىغان، يۇقىرى ئاۋازدا، قايتا-قايتا ياڭرىغان «رام! رام! رام! رام!» دېگەن ئاۋاز ئىدى. ياردەم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر قېلىپتا، بىر رېتىمدا چىقىۋاتقان، خۇددى قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك مۇقىم ئاۋاز ئىدى. ئىت ئۇ ئاۋازغا غىڭشىپ قاۋاش بىلەن جاۋاب قايتۇردى. دار ياغىچى يېنىدا قاراپ تۇرغان جاللات ئۇن خالتىسىغا ئوخشايدىغان بىر خالتىنى ئېلىپ، مەھبۇسنىڭ يۈزىگە كىيدۈردى. لېكىن رەخت بىلەن بوغۇلغان ئاۋاز يەنىلا ئۆچمەي، قايتا-قايتا ياڭراۋاتاتتى: «رام! رام! رام! رام! رام!»

جاللات دار سۇپىسىدىن چۈشۈپ، پىشاڭنى تۇتۇپ تەييار تۇردى. مىنۇتلار ئۆتكەندەكلا تۇيۇلدى. مەھبۇستىن چىقىۋاتقان مۇقىم، بوغۇق ىىغا توختىماي داۋاملاشتى، «رام! رام! رام!» بىر دەممۇ ئۈزۈلۈپ قالمىدى. تۈرمە باشلىقى بېشىنى مەيدىسىگە ئېگىپ، ھاسىسى بىلەن يەرنى چوقۇپ تۇراتتى؛ بەلكى ئۇ تۇۋلاشلارنى ساناۋاتاتتى، مەھبۇسقا بەلگىلىك بىر سان - ئەللىك، ياكى يۈز قېتىم دەپ ۋاقىت بېرىۋاتاتتى. ھەممە ئادەمنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ھىندىستانلىقلار ناچار قەھۋەدەك كۈلرەڭ بولۇپ قالغانىدى، نەيزىلەرنىڭ بىرى ياكى ئىككىسى لەرزىگە كېلىۋاتاتتى. بىز دار ياغىچىغا باغلاپ قويۇلغان، بېشىغا خالتا كىيگەن ئادەمگە قارىدۇق ۋە ئۇنىڭ تۇۋلاشلىرىنى ئاڭلىدۇق - ھەر بىر تۇۋلاش ھاياتنىڭ يەنە بىر سېكونتى ئىدى؛  ھەممىمىزنىڭ كاللىسىدا «ئەي خۇدا ئۇنى تېزرەك ئۆلتۈر، بۇ ئىشنى ئاخىرلاشتۇر،  شۇ قورقۇنچلۇق ئاۋازنى توختات!» دەيدىغان ئوي بار ئىدى.

تۈرمە باشلىقى تۇيۇقسىز بىر قارارغا كەلدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھاسىسى بىلەن تېز بىر ھەرىكەت قىلىپ، قاتتىق ئاۋازدا: «چالو!» دەپ ۋاقىردى.

مېتاللارنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاندىن جىمجىتلىق باستى. مەھبۇس غايىب بولغانىدى، ئارغامچا ئۆز-ئۆزىگە يۆگىشىپ تۇراتتى. مەن ئىتنى

قويۇۋەتتىم، ئۇ دەرھال دار ياغىچىنىڭ كەينىگە يوْگۈردى؛ لېكىن ئۇ ئۇ يەرگە بارغاندا توختاپ قالاپ قويدى، ئاندىن ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئوت-چۆپلەر ئارىسىغا چېكىنىپ، بىزگە قورقۇنچ بىلەن قاراپ تۇردى. بىز دار ياغىچىنى ئايلىنىپ مەھبۇسنىڭ جەسىتىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. ئۇ پۇت بارماقلىرىنى تۆۋەنگە قارىتىپ ئېسىقلىق تۇراتتى، بەك ئاستا ئايلىنىۋاتاتتى، تاشتەك ئۆلۈك ئىدى.

تۈرمە باشلىقى ھاسىسىنى ئۇزارتىپ يالىڭاچ جەسەتنى تۈرتتى؛ ئۇ ئازراق تەۋرىدى. تۈرمە باشلىقى: «ئۇ ئۆلۈپتۇ» دېدى. ئاندىن دار ياغىچىنىڭ ئاستىدىن چېكىنىپ چىقىپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۆڭۈلسىزلىك ناھايىتى تېزلا يوقاپ كەتكەنىدى. ئۇ قول سائىتىگە قاراپ، «سەككىزدىن سەككىز مىنۇت ئۆتتى. ئەتىگەندە ئىشىمىز خەيرلىك بولدى، خۇداغا شۈكرى»دېدى.

تۈرمە ساقچىلىرى نەيزىلىرىنى ئېلىۋېتىپ، قەدەم تاشلاپ ماڭدى. ئىت ئۆلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بىر دەمدە غايىب بولدى. بىز دار ياغىچى ھويلىسىدىن، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغان مەھبۇسلار كامېرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، تۈرمىنىڭ چوڭ مەركىزىي ھويلىسىغا كىردۇق. كالتەكلەر بىلەن قوراللانغان ساقچىلارنىڭ بۇيرۇقى ئاستا، مەھبۇسلار ئاللىقاچان ناشتىلىقنى قولغا ئالغان بولۇپ، ئۇزۇن قاتار بولۇپ ئولتۇرۇشتى، ھەر بىر ئادەم بىر تۆمۈر قاچا تۇتۇپ تۇراتتى، ئىككى ساقچى چېلەكلەرنى كۆتۈرۈپ گۈرۈچ تارقىتىپ يۈرەتتى؛ دارغا ئېسىشتىن كېيىنكى بۇ كۆرۈنۈش خۇددى ئۆيگە ئوخشاش، خۇشاللىق بىر مەنزىرىدەك كۆرۈندى. ئىش پۈتكەندىن كېيىن ھەممىمىزگە غايەت زور بىر يەڭگىللىك كەلگەندى. ئادەمنىڭ ناخشا ئېيتقۇسى، يۈگۈرگۈسى، كۈلۈپ يايرىغۇسى كېلەتتى. ناھايىتى تۇيۇقسىزلا ھەممە ئادەم خۇشاللىق بىلەن پاراڭلىششقا باشلىدى.

يېنىمدا مېڭىۋاتقان ياۋرو-ئاسىيالىق بالا بىز كەلگەن تەرەپكە قاراپ بىر خىل تونۇش كۈلۈمسىرەش بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى: «بىلەمسىز ئەپەندىم، بىزنىڭ دوستىمىز (ئۇ ئۆلگەن ئادەمنى كۆرسەتتى)، ئىلتىماسىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، قورققىنىدىن كامېرنىڭ پولىغا سىيىۋەتكەنىدى. قورققىنىدىن. مەرھەمەت قىلىپ مېنىڭ بىر تال تاماكامنى ئېلىڭ، ئەپەندىم.

مېنىڭ يېڭى كۆمۈش قاپچۇقلىرىمغا قايىل بولمىدىڭىزمۇ، ئەپەندىم؟ ئۇنىڭغا ئىككى رۇپىيە سەككىز ئانىا كەتتى. ئالىي دەرىجىلىك ياۋروپا ئۇسلۇبى.»

بىر نەچچە ئادەم كۈلۈپ كەتتى، لېكىن نېمىگە كۈلگىنىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيتتى.

فىرانسىس تۇرمە باشلىقىنىڭ يېنىدا ماڭغاچ سۆزلەپ كەتتى: «شۇنداق ئەپەندىم، ھەممىسى ئوڭۇشلۇق بولدى. ھەممىسى تۈگىدى. ھەمىشە ئۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ. ئوھ، ياق! مەھبۇسنىڭ راست ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دوختۇرنىڭ دار ياغىچىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ مەھبۇسنىڭ پۇتىدىن تارتىپ بېقىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. بۇ ناھايىتى كۆڭۈلسىز ئىش!»

«ئۆزىنى پۇراپ يېتىشمۇ ناھايىتى يامان» دېدى تۇرمە باشلىقى.

«ۋاي ئەپەندىم، جېنى چىڭ ئادەملەر تېخىمۇ يامان بولىدۇ! بىر ئادەم بولىدىغان، بىز ئۇنى ئېلىپ چىقىشقا بارغىنىمىزدا قەپىزىنىڭ رېشاتكىلىرىدىن چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. سىز ئىشەنمەيسىز، ئەپەندىم، ئۇنى چىقىرىش ئۈچۈن ئالتە ساقچى، ھەر بىر پۇتىدىن ئۈچتىن تارتىپ تۇرۇشقان. بىز ئۇنىڭغا پەند-نەسىھەت قىلدۇق. "ئەزىز دوستۇم،" دېدۇق، "بىزگە كەلتۈرۈۋاتقان ئازاب ۋە ئاۋارىچىلىقىڭنى ئويلاپ باق!" دېدۇق. لېكىن ئۇ ئاڭلىمىدى! بىزگە ناھايىتى چوڭ ئاۋارىچىلىك تۇغدۇردى!»

مەن قاتتىق كۈلدۈم. ھەممە ئادەم كۈلۈۋاتاتتى. ھەتتا تۇرمە باشلىقىمۇ كەڭچىلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى. «ھەممىڭلار سىرتقا چىقىپ بىر نەرسە ئىچسەڭلار بولاتتى،» دېدى ئۇ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن، «ماشىنامدا بىر بوتۇلكا ۋىسكى بار، ئۇنى ئىچسەك بولاتتى.»

بىز تۈرمىنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، يولغا چىقتۇق. «پۇتىدىن تارتىش! » دەپ ۋاقىردى بىر بېرما سوتچىسى، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بىز ھەممىمىز يەنە كۈلۈشكە باشلىدۇق. شۇ دەقىقىدە فىرانسىسنىڭ لەتىپىسى ئىنتايىن قىزىق بىلىندى. بەزىمىز يەرلىك، بەزىمىز ياۋروپالىق بولغىنىمىزغا قارىماي بىرلىكتە خوشال-خۇرام ھاراق ئىچتۇق. ئۆلگەن ئادەم يۈز يارد نېرىدا ياتاتتى.

## سياسەت ۋە ئىنگلىز تىلى

ئىنگلىز تىلى مەسىلىسگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئېھتىياتچان كىشىلەر ئىنگلىز تىلىنىڭ ناچار ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان قاراش بويىچە، بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئاڭلىق ھەرىكەت ئارقىلىق ھېچقانداق ئىش قىلالمايمىز. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، مەدەنىيىتىمىز چىرىگەن، شۇڭلاشقا تىلىمىزمۇ ئۆزگىرىش جەريانىدىكى ئومۇمىي ۋەيرانچىلىقتىن مۇقەررەر ھالدا ئورتاق بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان يەكۈن شۇكى، تىلنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىنىشىغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرقانداق كۈرەش شامنى توك چىرىغىدىن، ئات ھارۋىسىنى ئايروپىلاندىن ئەلا كۆرۈشكە ئوخشاش مۇتەئەسسىپلىكتۇر، قالاقلىقتۇر. بۇنىڭ تېگى-تەكتىدە تىلنىڭ بىر تەبىئىي ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئىكەنلىكى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆز مەقسەتلىرىمىز ئۈچۈن شەكىللەندۈرىدىغان قورال ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ئاڭلىق ئېتىقاد بار.

ھازىر، بىر تىلنىڭ خارابلىشىشى ئاخىرقى ھېسابتا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەرگە تايىنىدىغانلىقى ئېنىق: ئۇ قانداقتۇر بەزى يازغۇچىلارنىڭ ناچار تەسىرىدىنلا كېلىپ چىققان ئەمەس. لېكىن بىر ئاقىۋەت يەنە بىر سەۋەبكە ئايلىنىپ، دەسلەپكى سەۋەبنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە شۇ ئاقىۋەتنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرالايدۇ، بۇ ئەھۋال توختىماي داۋاملىشىدۇ. بىر ئادەم ئۆزىنى مەغلۇپ بولغاندەك ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن ھاراق ئىچىشكە باشلىشى مۇمكىن، ئاندىن ئۇ ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش يۈز بېرىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئويلىرىمىز ئەخمەق بولسا، تىلىمىزمۇ سەت ۋە خاتا بولىدۇ، ھالبۇكى تىلىمىزنىڭ مەنسىزلەرچە بوشاڭلىقى بىزنىڭ ئەخمەقانە ئويلىرىمىزنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرىدۇ. مۇھىم نۇقتا شۇكى، بۇ جەريانى تەتۈرگە ئۆرۈشكە بولىدۇ. زامانىۋى ئىنگلىز تىلى، بولۇپمۇ يازما ئىنگلىز تىلىدىكى مەسىلىلەر ناچار ئادەتلەرنى تەقلىد قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان، ئەمما ئادەم زۆرۈر جاپالارنى تارتىشقا جۈرئەت قىلسا ساقلانغىلى بولىدىغان مەسىلىلەردۇر. ئەگەر ئادەم بۇ ئادەتلەردىن قۇتۇلسا، ئۇ تېخىمۇ ئېنىق ئويلىيالايدۇ، ئېنىق ئويلاش ئەسلى مەقسەتكە كېلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى

ھېسابلىنىدۇ: شۇڭلاشقا ناچار ئىنگلىز تىلىغا قارشى كۈرەش بىمەنە ئىش ئەمەس، كەسپىي يازغۇچىلارنىڭلا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشى ئەمەس. مەن بۇ ئىشقا يېقىندا يەنە قايتىپ كېلىمەن، ۋە بۇ يەردە ئېيتقانلىرىمنىڭ مەنىسى شۇ ۋاقىتقا كەلگەندە تېخىمۇ ئېنىق بولۇپ قالىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىمەن. بۇ جەرياندا، ھازىر ئادەتتە يېزىلىدىغان ئىنگلىز تىلىنىڭ بەش نەمۇنىسى تۆۋەندىكىچە.

بۇ بەش پارچە مىسال ئالاھىدە ناچار بولغاچقا تاللاپ ئېلىنغان ئەمەس ( ئەگەر خالىغان بولسام بۇنىڭدىن كۆپ ناچارلىرىنىمۇ نەقىل كەلتۈرەلەيتتىم) بەلكى ئۇلار بىز ھازىر ئازابلىنىۋاتقان ھەر خىل روھىي نۇقسانلارنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن تاللانغان. ئۇلار ئوتتۇرىچە سەۋىيەدىن سەل تۆۋەن، لېكىن خېلىلا ۋەكىللىك قىلالايدىغان نەمۇنىلەر. مەن ئۇلارغا نومۇر قويدۇم، شۇنداق قىلغاندا زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارغا قايتا قاراپ چىقالايمەن:

1. مەن، راستىنلا، بىر ۋاقىتلاردا 17-ئەسىردىكى شېللىغا[65] ئانچە ئوخشىمايدىغاندەك كۆرۈنگەن مىلتوننىڭ[66] ھەر يىلى تېخىمۇ كۈلپەتلىك

---

[65] پېرسى بىش شېلى (Percy Bysshe Shelley, 1792-1822) — ئىنگلىز ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە تەسىر كۈچكە ئىگە رومانتىك شائىرلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ناھەقلىكلەرگە قارشى ئىسيانكار روھى بىلەن تونۇلغان ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر. شېلى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك لىرىك شېئىرلىرى، تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتى ۋە ئەركىنلىك روھى بىلەن داڭق چىقارغان. ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن «ئۆزىيامانديياس» (*Ozymandias*) — ھوقۇق ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ زۇلمى ۋە ئۇنىڭ ۋاقىت ئالدىدا ۋەيران بولىدىغانلىقىنى سۈرەتلەيدىغان پارچە) ۋە «غەرب شامىلىغا مەدھىيە» (*Ode to the West Wind*) قاتارلىقلار دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. شېلى ياشلىقىدىلا چېكىدىن ئاشقان ئەركىنپەرۋەرلىك، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، دىنىي ۋە سىياسىي مۇستەبىتلىكنى تەنقىد قىلىش قاراشلىرى سەۋەبىدىن ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىيىتىنى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئادالەت ئورنىتىش ۋە ئىنسانىي ئازادلىقنىڭ قورالى سۈپىتىدە كۆرگەن.

ئۇنىڭ ئىسيانكار روھى ۋە جەمئىيەتنى تەنقىد قىلىش پوزىتسىيەسى كېيىنكى ئەۋلاد يازغۇچىلارغا، بولۇپمۇ جورج ئورۋېل قاتارلىق ئەدەبىياتچىلار ۋە سىياسىي مۇتەپەككۇرلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

[66] جون مىلتون (John Milton, 1608-1674) — ئىنگلىز ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ۋىليام شېكسپىردىن قالسىلا ئەڭ ئۇلۇغ ۋە تەسىر كۈچكە ئىگە شائىرلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە سىياسىي ھەق-ھوقۇقلار ئۈچۈن كۈرەش قىلغان مۇتەپەككۇر ۋە سىياسىي كاتىپ. مىلتون ئۆزىنىڭ ئۆلمەس داستانى «يوقالغان جەننەت» (Paradise Lost) بىلەن پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان. بۇ ئەسەر ئىنسانلارنىڭ گۇناھقا پېتىشى، ئادەم ئاتا ۋە ھەۋا ئانىنىڭ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىشىنى ۋە شەيتاننىڭ ئىسيانىنى تەپسىلىي سۈرەتلەش

ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھېچقانداق نەرسە مەجبۇرلىيالمىغان شۇ يەھۇدىي مەزھەپ قۇرغۇچىسىغا تېخىمۇ يات بولۇپ قالمىغانلىقىنى ئېيتىشنىڭ راست ياكى يالغانلىقىغا جەزم قىلالمايمەن.

پروفسور هارولد لاسكى (ئەركىن ئىپادىلەش ماقالىسى)

2. ھەممىدىن مۇھىمى، بىز «چىداملىق بولۇش» ئۈچۈن «چىداش» ياكى «ئەس-ھوشىدىن كەتكۈزۈش» ئۈچۈن «گاڭگىراپ قېلىش» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ شۇنچە گەۋدىلىك بىرىكمىلىرىنى بەلگىلەيدىغان تۇغما ئىدىئوملار باتارېيەسى بىلەن ئويۇن ئوينىيالمايمىز.

پروفسور لانسېلوت ھوگبېن (ئىنگلوسسا)

3. بىر تەرەپتە بىزدە ئەركىن شەخس بار: ئېنىقلىمىسى بويىچە ئۇ نېرۋا كېسەل ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ نە روھى توقۇنۇشى، نە چۈشى يوق. ئۇنىڭ ئارزۇلىرى، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، روشەن، چۈنكى ئۇلار دەل ئورگانىك تەستىق ئاڭنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ساقلاپ تۇرىدىغان نەرسىلەر؛ باشقا بىر ئورگانىك ئەندىزە ئۇلارنىڭ سانى ۋە تەسىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ؛ ئۇلاردا تەبىئىي، قىسقارتىپ بولمايدىغان ياكى مەدەنىيەت جەھەتتىن خەتەرلىك بولغان نەرسە ئاز. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي رىشتە ئۆزگە ئىشىنىدىغان مۇكەممەللىكلەرنىڭ ئۆزئارا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇھەببەتنىڭ ئېنىقلىمىسىنى ئەسلەڭ. بۇ دەل كىچىك بىر ئاكادېمىكنىڭ رەسمى ئەمەسمۇ؟ بۇ ئايناكۆل زالىدا شەخس ياكى قېرىنداشلىق ئۈچۈن قەيەردە ئورۇن بار؟ سىياسەتتىكى پسخولوگىيە توغرىسىدا (نيۇيورك)

---

ئارقىلىق، ئىنسان ئىرادىسى، ئەركىنلىكى ۋە ئىلاھىي ئادالەت مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مىلتون پەقەت شائىرلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى 17-ئەسىردىكى ئەنگلىيە پادىشاھلىقىغا قارشى ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئولىۋېر كرومۋېل ھۆكۈمىتىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ «Areopagites» (ئاريوپاگىتىكا) ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئارقىلىق دۇنيا تارىخىدىكى پىكىر ۋە سۆز ئەركىنلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ كۈچلۈك قوغدىغۇچىلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ ئەركىنلىك روھى، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئىرادىسى ۋە كۈچلۈك تىل ئۇسلۇبى كېيىنكى ئەۋلاد ئەدەبىياتچىلارغا، جۈملىدىن جورج ئورۋېل قاتارلىق يازغۇچىلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

4. ئەپەندىلەر كۈلۈبلىرىدىكى بارلىق «ئەڭ ياخشى كىشىلەر» ۋە سوتسىيالىزىمغا بولغان ئورتاق نەپرەت، شۇنداقلا ئاممۋى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ كۈچىيىپ بېرىۋاتقان دولقۇنىدىن كەلگەن ۋەھشىي قورقۇنچ ئىچىدە بىرلەشكەن بارلىق ئەسەبىي فاشىست رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى پرولېتارىيات تەشكىلاتلىرىنى قانۇنىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەقسىز ۋەقە قوزغاش ھەرىكەتلىرىگە، قەبىھ ئوت قويۇشلارغا، زەھەرلەنگەن قۇدۇقلار توغرىسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر رىۋايەتلىرىگە يۈزلەندى، ھەمدە كىرىزىستىن قۇتۇلۇش يولىغا قارشى كۆرەش ئۈچۈن ۋەھىمىگە چۈشكەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنى مىللەتچىلىك قىزغىنلىقىغا ئۈندىدى.

5. ئەگەر بۇ كونا دۆلەتكە يېڭى بىر روھ سىڭدۈرۈلمەكچى بولسا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك قىيىن ۋە تالاش-تارتىشلىق بىر ئىسلاھات بار، ئۇ بولسىمۇ BBC نى ئىنسانىيلاشتۇرۇش ۋە جانلاندۇرۇشتۇر. بۇ يەردىكى ھادىسە قورقۇنچاقلىقتىن، روھنىڭ چىرىگەنلىكى ۋە قۇرۇپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ يۈرىكى ساغلام ۋە كۈچلۈك سوقۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن، بىرىتانىيە شىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ھۆكىرىشى شېكسپىرنىڭ «ياز كېچىسىدىكى چۈش» ناملىق دراممىسىدىكى باتتومنىڭ[67] ئاۋازىغا ئوخشايدۇ - يېڭى تۇغۇلغان باچكىدەك يۇمشاق. مەردانە يېڭى بىرىتانىيەنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ.

---

[67] باتتوم (Nick Bottom) — ۋىليام شېكسپىرلاردىن كەلگەن دۇنياغا مەشھۇر كومېدىيە ئەسىرى «ياز كېچىسىدىكى چۈش» (A Midsummer Night’s Dream) دا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، قىزىقارلىق ۋە ئۆزگىچە پېرسوناژلارنىڭ بىرسى.

باتتوم ئافېنالىق توقۇمىچى بولۇپ، ئافېنا شاھىنىڭ تويى ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان ھەۋەسكار ئارتىسلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئەڭ تەكەببۇر ئەزاسى. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى قابىلىيەتلىك ۋە ھەممە رولنى ئوينىيالايدىغان ماھىر دەپ قارايدۇ. ئورمانلىقتىكى سېھىرلىك ۋەقەلەر جەريانىدا، سېھىرگەر پوك (Puck) باتتومنىڭ بېشىنى ئېشەكنىڭ بېشىغا ئۆزگەرتىپ قويىدۇ. باتتوم بۇنى بىلمەي ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى قورقۇتىدۇ. ئورمانلىقتا سېھىر تەسىرىدە قالغان پەرىلەر خانىشى تىيتانىيا (Titania) ئويغانغان ھامان ئېشەك بېشى كىيىۋالغان باتتومغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنى ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەسەردىكى ئەڭ كۈلكىلىك ۋە ساتىرىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

«Bottom» سۆزىنىڭ ئىنگلىزچە مەنىسى «ئاستى» ياكى «تۈۋى» بولسىمۇ، بۇ سۆز ھەر ئىشقا كۆكرەك كېرىدىغان، ئەمما سەل كالۋا ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. باتتوم كىشىنى قەستەن كۈلدۈرمەيدىغان، بەلكى ئۆزگەرتىلگەن ۋەزىيەتكە تولۇق قوشۇلۇپ كېتىدىغان كومېدىيەلىك خاراكتېردۇر.

دۇنيانىڭ كۆزىگە، تېخىمۇ توغرىسى قۇلاقلىرىغا، «ئۆلچەملىك ئىنگلىز تىلى» سۆپىتىدە جەسۇرلارچە نىقابلىنىۋالغان لانگهام پلېيستىن (Langham Place)[68] كەلگەن چىرىگەن زېرىكىشلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز تۆھمەت قىلىنىشىغا يول قويالمايدۇ. سائەت توققۇزدا بىرىتانىيەنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندا، گۇناھسىز، ئۇيالغان مياڭلايدىغان قىزلارنىڭ هازىرقى هاكاۋۇر، خاپىغان، توسالغۇغا ئۇچرىغان هالى، مەكتەپنىڭ كونىچە ۋارقىراشلىرىدىن كۆرە، هەرپلەرنىڭ راستچىللىق بىلەن چۈشۈرۈۋېتىلگىنىنى ئاڭلاش ناهايىتى ياخشى ۋە تۈگىمەس دەرىجىدە كۈلكىلىكتۇر!

«Tribune» گېزىتىگە يېزىلغان خەت

بۇ پارچىلارنىڭ هەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس نۇقسانلىرى بار، لېكىن ساقلانغىلى بولىدىغان سەتچىلىكلەردىن باشقا، ئىككى ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ هەممىسىگە ئورتاق. بىرىنچىسى، تەسۋىرلەرنىڭ كونا بولۇشى؛ يەنە بىرى، ئېنىق بولماسلىق. يازغۇچى يا بىر مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ، ياكى ئۇ ئويلىمىغان يەردىن باشقا بىر نەرسىنى دەپ قويىدۇ، ياكى ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ بىرەر مەنىگە ئىگە بولۇپ-بولماسلىقىغا پەرۋاسىز قارايدۇ. مەنىسىزلىك بىلەن ساپ ئاجىزلىقنىڭ بۇ ئارىلاشمىسى زامانىۋى ئىنگلىزچە نەسرىنىڭ، بولۇپمۇ هەر قانداق سىياسىي يېزىقچىلىقنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر. بەزى تېمىلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەنلا، كونكېرت نەرسىلەر ئابستراكتلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ ۋە هېچكىم ئۆزىگە خاس بولمىغان ئويلاپ تاپالمايدىغاندەك قىلىدۇ: ئەسەر مەنىسى ئۈچۈن تاللانغان سۆزلەردىن كۆرە، ئالدىن ياسالغان توخۇ قوتىنىنىڭ بۆلەكلىرىدەك بىر-بىرىگە ناهايىتى ماسلاشقان ئىبارىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. مەن

[68] «Langham Place» لانگهام سارىيى — (ئەنگلىيەنىڭ پايتەختى لندن شەهرىنىڭ مەركىزكى قىسمىدىكى (West End) ۋېستمىنستېر رايونىغا جايلاشقان، پورتلاند پلېس (Portland Place)بىلەن رېگېنت كوچىسىنى (Regent Street) تۇتاشتۇرىدىغان قىسقا هەم تارىخىي كوچا. بۇ كوچا داڭلىق ئارختېكتور جون ناش (John Nash) تەرىپىدىن لايىهەلەنگەن بولۇپ، ئەنگلىيە ئۆتمۈشىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇهىم جامائەت بىناسى، چېركاۋ ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە جاي بولغان. 19-ەسىردە بۇ كوچا ئەنگلىيەدە ئاياللارنىڭ هوقۇق-مەنپەئەتى ۋە تەڭپۇڭلۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان تۇنجى ئاياللار هەرىكىتى توپى «Langham Place Group»)نىڭ مەركىزى بولغان.

تۆۋەندە، ئەسكەرتىش ۋە مىساللار بىلەن، ئەسەر يېزىشتا قېچىش ئۈچۈن ئادەتتە قوللىنىلىدىغان ھەر خىل ئۇسۇللارنى تىزىپ ئۆتىمەن:

ئۆلۈۋاتقان مېتافورا. يېڭىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بىر مېتافورا كۆرۈنۈشلۈك بىر سۈرەتنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق پىكىرگە ياردەم بېرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، تېخنىكىلىق جەھەتتىن «ئۆلگەن» مېتافورا (مەسىلەن، تۆمۈر ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى بىر سۆزگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئادەتتە جۇشقۇنلۇقنى يوقاتماستىنلا ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئىككى تۈر ئارىسىدا كىشىلەرگە ئۆزى ئۈچۈن ئىبارىلەرنى ئويلاپ تېپىش ئاۋارىچىلىقىدىن ساقلاپ قالغاچقىلا ئىشلىتىلىدىغان، بارلىق تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى يوقاتقان كونىراپ كەتكەن مېتافورلارنىڭ غايەت زور بىر توپى بار. مىساللار: ئۆزگىرىشلەرنى قىلىش، بىرەر ئىش ئۈچۈن تىغ كۆتۈرۈش، سىزىقتا تۇرۇش، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ تۇرۇش، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قېلىش، ئۆز مەنپەئەتى بولماسلىق، تىراكتورغا سۇ كىرىش، غەم-ئەندىشە سۇلىرىدا بېلىق تۇتۇش، لۇتتىكى يېرىق، كۈندۈزنىڭ تەرتىپى بويىچە، ئاخىللېسنىڭ پۇتى، ئاققۇ ناخشىسى، قىزىق نۇقتا. بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۇلارنىڭ مەنىسىنى بىلمەستىن ئىشلىتىلىدۇ (مەسىلەن، «يېرىق» دېگەن نېمە؟)، ۋە بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدىغان مېتافورلار دائىم ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، بۇ يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىغا قىزىقمايدىغانلىقىنىڭ ئېنىق بىر ئالامىتىدۇر ھازىر قوللىنىلىۋاتقان بەزى مېتافورلار ئۇلارنى ئىشلەتكۈچىلەر بۇ پاكىتتىن خەۋەرسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەسىلەن، سىزىقتا تۇرۇش (toe the line) بەزىدە سىزىقنى تارتىش (tow the line) دەپ يېزىلىدۇ. يەنە بىر مىسال بولسا چۆكۈش بىلەن زىندان، ئۇ ھازىر ھەمىشە زىنداننىڭ ناچار تەرىپىنى كۆرۈش مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.  نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىر توختاپ ئويلىغان يازغۇچى بۇنى بىلگەن ۋە ئەسلى ئىبارىنى بۇرمىلاشتىن ساقلانغان بولاتتى.

مەشغۇلاتچىلار، ياكى سۆزدىن ياسالغان ساختا پۇتلار. بۇلار مۇۋاپىق پېئىل ۋە ئىسىملارنى تاللاپ چىقىش ئاۋارىچىلىقىدىن ساقلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر بىر جۈملىنى ئۇنىڭغا لايىق  قوشۇمچە بوغۇملار بىلەن تولدۇرىدۇ. خاس ئىبارىلەر تۆۋەندىكىلەر: ئىشلىمەس ھالەتكە كەلتۈرۈش، قارشى چىقىش، قوبۇل قىلغىلى بولماس دېيىش، ئالاقە باغلاش، ئۇچرىشىش، ئاساس تەمىنلەش،

تەسىر كۆرسىتىش، باشلامچى رول ئويناش، ئۆزىنى ھېس قىلدۇرۇش، تەسىر كۆرسىتىشكە باشلاش، بىر مايىللىقنى كۆرسىتىش، مەقسەتكە خىزمەت قىلىش قاتارلىقلار. ئاساسلىق مەقسەت ئاددىي پېئىللارنى چىقىرىۋېتىشتۇر. مەسىلەن، بۇزماق، توختاتماق، ۋەيران قىلماق، ئوڭشىماق، ئۆلتۈرمەك دېگەنگە ئوخشاش بىرلا سۆز بولۇشنىڭ ئورنىغا، پېئىل ئىسپاتلىماق، خىزمەت قىلماق، شەكىللەندۈرمەك، ئوينىماق، ئايلاندۇرماق قاتارلىق بەزى ئومۇمىي مەقسەتلىك پېئىللارغا چاپلانغان ئىسىم ياكى سۈپەتتىن تەركىب تاپقان بىر ئىبارىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەجھۇل دەرىجە ئىمكانقەدەر ئاكتىپ دەرىجىدىن ئەلا كۆرۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ، ھەمدە رەۋىشداشلارنىڭ ئورنىغا ئىسىم تىركەلمىلىرى ئىشلىتىلىدۇ (تەكشۈرۈش ئارقىلىق دېگەننىڭ ئورنىغا تەكشۈرۈش بىلەن). پېئىللارنىڭ دائىرىسى پېئىل ياساش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تېخىمۇ كىچىكلىتىلىدۇ، ۋە not un- ياساش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاددىي بايانلارغا چوڭقۇرلۇق كۆرۈنۈشى بېرىلىدۇ. ئاددىي باغلىغۇچ ۋە ئورۇن سۆزلىرى «مۇناسىۋەتلىك، نەزەرگە ئالغاندا، بۇ پاكىت، تۈپەيلىدىن، نۇقتىسىدىن، مەنپەئەتى ئۈچۈن، پەرەزگە ئاساسلانغاندا» دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەر بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ؛ جۈملىنىڭ ئاخىرى «كۆپ ئارزۇ قىلىنىدىغان، نەزەردىن ساقىت بولمايدىغان، يېقىن كەلگۈسىدە كۈتۈلىدىغان تەرەققىيات، ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تېگىشلىك، قانائەتلىنەرلىك ئاخىرلىشىش» قاتارلىق دەبدەبىلىك مەزمۇنلار ئارقىلىق قىممەتسىزلىكتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ.

هاكاۋۇرلارچە قوللىنىلغان سۆزلۈك. «ھادىسە، ئېلېمېنت، شەخس (ئىسىم سۈپىتىدە)، نىشان، كاتېگورىيەلىك، ئۈنۈملۈك، ئېغىزاكى، ئاساسىي، دەسلەپكى، ئىلگىرى سۈرمەك، تەشكىل قىلماق، نامايان قىلماق، ئىشقا سالماق، ئىشلىتىمەك، يوقاتماق، تۈگىتىۋەتمەك...» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئاددىي بايانلارنى بېزەش ۋە بىر تەرەپلىمە ھۆكۈملەرگە ئىلمىي تۈس بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. «دەۋر ياراتقۇچى، داستان، تارىخىي، ئۇنتۇلغۇسىز، غەلىبە قازانغان، ئەسىرلەرچە ئۇزۇنغا سوزۇلغان، مۇقەررەر، قاچقىلى بولمايدىغان، ھەقىقىي» دېگەندەك سۈپەتلەر خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ سۈنئىي جەريانلىرىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ...

سىياسەت، ئۇرۇشنى مەدھىيەشلەشكە قارىتىلغان يېزىقچىلىق ئادەتتە كونا تۈسنى ئالىدۇ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى خاس سۆزلىرى: خانلىق، تەخت، جەڭ هارۋىسى، قوراللىق مۇشت، ئۇچ تىغلىق نەيزە، قىلىچ، قالقان، كىچىك قالقان، بايراق، ئۇزۇن ئۆتۈك، كاناي (بۇرغا). مۇجمەل سۆزلەر ۋە ئىبارىلەر، مەسىلەن، cul de sac (بويۇن قىسمى)، ancient regime (كونا تۈزۈم)، deus ex machina (ماشىنىدىكى خۇدا)، mutatis mutandis (ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىپ)، status quo (هازىرقى هالەت)، Gleichschaltung (تەڭشەش)، Weltanschauung (دۇنيا قاراش)، مەدەنىيەت ۋە نەپىسلىك تۈس بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. پايدىلىق قىسقارتىلملار .i.e، e.g. ۋە etc. نى هېسابقا ئالساق، هازىر ئىنگلىز تىلىدا ئومۇملاشقان يۈزلىگەن چەت ئەل ئىبارىلىرىنى قوللىنىشنىڭ هېچ هاجىتى يوق. ناچار يازغۇچىلار، بولۇپمۇ ئىلىم-پەن، سىياسەت ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق يازغۇچىلىرى، لاتىنچە ياكى گرېكچە سۆزلەرنى ساكسونچە سۆزلەردىن كاتتىراق دەپ چۈشىنىۋالىدۇ ھەمدە «تېزلىتىش، ياخشىلاش، ئالدىن پەرەز قىلىش، سىرتتىن كەلگەن، يىلتىزىدىن ئايرىلغان، مەخپىي، سۇ ئاستى...» ۋە باشقا يۈزلىگەن ئارتۇقچە سۆزلەرنى چەتتىن قوبۇل قىلىۋالىدۇ. ماركسىزىمچىلارنىڭ يېزىقچىلىقىغا خاس تەسۋىرى سۆزلەردىن «قاپلان، جاللات، ئادەمخور، كىچىك بۇرژۇئا، بۇ ئەپەندىلەر، مۇلازىم، مۇلازىمەتچى، ئالا بويناق ئىت، ئاق گاردىيان» قاتارلىقلار ئاساسلىقى روس، گېرمان ياكى فرانسۇز تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان سۆز- ئىبارىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ؛ لېكىن يېڭى بىر سۆز ياساشنىڭ نورمال ئۇسۇلى مۇۋاپىق قوشۇمچە بىلەن لاتىنچە ياكى گرېكچە يىلتىزنى ئىشلىتىش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا سۆز ياساش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتۇر. ئۆز مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئىنگلىزچە سۆزلەرنى ئويلاپ تېپىشتىن كۆرە، بۇ خىل سۆزلەرنى ياساش (رايونغا ئايرىماسلىق، يول قويغىلى بولمايدىغان، نىكاھ سىرتىدىكى، پارچىلىنىپ كەتمەيدىغان قاتارلىقلار) دائىم ئاسان بولىدۇ. نەتىجىدە، ئومۇمىي جەھەتتىن، بوشاڭلىق ۋە مۇجمەللىك كۆپىيىدۇ.

مەنىسىز سۆزلەر. يېزىقچىلىقنىڭ بەزى تۈرلىرىدە، بولۇپمۇ سەنئەت تەنقىدى ۋە ئەدەبىي تەنقىدتە بۇنداق سۆز مەنىسى يوق ئۇزۇن سۆزلەردۇر. سەنئەت تەنقىدىدە ئىشلىتىلىدىغان «رومانتىك، سۇلياۋ، قىممەت قارىشى، ئىنسانىي، ئۆلگەن، هېسسىياتچان، تەبىئىي، هاياتىي كۈچ» قاتارلىق سۆزلەر

ناھايىتى مەنىسىزدۇر، چۈنكى ئۇلار ھېچقانداق بايقاشقا تېگىشلىك ئوبيېكتىنى كۆرسەتمەيلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇرمەن تەرىپىدىنمۇ ئۇنداق قىلىشى كۈتۈلمەيدۇ. بىر تەنقىدچى «X ئەپەندىنىڭ خىزمىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ جانلىقلىقى» دەپ يازغان بولسا، يەنە بىرى «X ئەپەندىنىڭ خىزمىتىدە دەرھال كۆزگە چېلىقىدىغان نەرسە ئۇنىڭ ئۆلۈكتەك جانسىزلىقىدۇر» دەپ يازغاندا، ئوقۇرمەن بۇنى پىكىرنىڭ ئاددىي بىر پەرقى دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئۆلۈك ۋە تىرىك دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا قارا ۋە ئاق دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر قاتناشقان بولسا، ئۇ تىلنىڭ مۇۋاپىق بولمىغان ئۇسۇلدا ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى دەرھال كۆرۈپ يەتكەن بولاتتى. نۇرغۇن سىياسىي سۆزلەرمۇ شۇنداق سۇيىئىستېمال قىلىنىدۇ. فاشىزم دېگەن سۆزنىڭ ھازىر «ئارزۇ قىلىنمايدىغان بىرەر نەرسە» نى ئىپادىلىگەندىن باشقا ھېچقانداق مەنىسى يوق. دېموكراتىيە، سوتسىيالىزم، ئەركىنلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، رېئالىستىك، ئادالەت دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىر-بىرىگە ماسلاشمايدىغان نەچچە مەنىلىرى بار. «دېموكراتىيە» دېگەن سۆزنىڭ ئورتاق بىر ئېنىقلىمىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى بىرنى تۈزۈش ئۇرۇنۇشىمۇ ھەممە تەرەپتىن قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. بىز بىر دۆلەتنى دېموكراتىك دەپ ئاتىغىنىمىزدا ئۇنى ماختاۋاتقان بولىمىز، شۇڭلاشقا ھەر خىل تۈزۈمنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئۇنىڭ بىر دېموكراتىيە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەگەر بۇ سۆز بىرەر مەنىگە باغلاپ قويۇلسا، ئۇنى ئىشلىتىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشتىن قورقىدۇ. بۇ خىل سۆزلەر دائىم ئاڭلىق، ئەمما غەرەزسىز ئۇسۇلدا ئىشلىتىلىدۇ. يەنى، ئۇنى ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئېنىقلىمىسى بار، لېكىن ئاڭلىغۇچىسىغا باشقىچىراق بىرەر نەرسە دەۋاتقاندەك ئويلاشقا يول قويىدۇ. مارشال پېتېن ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر ئىدى، سوۋېت ئاخباراتى دۇنيادىكى ئەڭ ئەركىن ئاخبارات بولۇپ، «كاتولىك چېركاۋى زىيانكەشلىككە قارشى تۇرىدۇ» دېگەندەك سۆزلەر ھەمىشە كۆز بوياش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. ئۆزگىرىشچان مەنىلەردە، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئازراق ياكى كۆپرەك مەقسەتسىز ئىشلىتىلىدىغان باشقا سۆزلەر تۆۋەندىكىچە: سىنىپ، مۇستەبىتلىك، ئىلىم-پەن، تەرەققىپەرۋەر، كونىلىقچى، بۇرژۇئا، باراۋەرلىك.

مەن بۇ ساختىپەزلىكلەر ۋە بۇرمىلاشلارنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار باشلاپ بارىدىغان يېزىقچىلىق تۈرىنىڭ يەنە بىر مىسالىنى بېرەي.

بۇ قېتىم ئۇ تەبىئىي ھالدا خىيالىي بىر نەرسە بولۇشى كېرەك. مەن ئىنگلىز تىلىدىكى بىر پارچە ياخشى تېكىستنى ئەڭ ناچار تىپتىكى زامانىۋى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلماقچىمەن. بۇ يەردە ۋەز-نەسىھەت كىتابىدىن (Ecclesiastes) ئېلىنغان داڭلىق بىر بېيىت بار:

مەن قايتىپ كەلدىم،

ۋە قۇياش ئاستىدا مۇنداق ئىشنى كۆرۈپ يەتتىم:

يۈگۈرۈش تېزلەرگە مەنسۇپ ئەمەس،

جەڭمۇ كۈچلۈكلەرگە مەنسۇپ ئەمەس،

نانمۇ دانالارغا، بايلىقلىشلارمۇ ئاقىل ئادەملەرگە

ياكى ماھارەتلىك كىشىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ ئەمەس؛

لېكىن ۋاقىت ۋە ئاتالغۇ ھەممىگە باراۋەر.

بۇ بېيىت زامانىۋى ئىنگلىز تىلىغا مۇنداق ئۆرۈلىدۇ:

ھازىرقى زامان ھادىسىلىرىنى ئوبيېكتىپ باھالاش رىقابەت پائالىيەتلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيەتنىڭ تۇغما ئىقتىدار بىلەن ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، بىراق ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان كۆرۈنەرلىك بىر ئېلېمېنتنىڭ ھەمىشە نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

بۇ بىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كۈلكىلىك تەقلىدى (parody)، ئەمەس، لېكىن ناھايىتى ناچار يېزىلغان ئەسەرمۇ ئەمەس. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى 3-نومۇرلۇق كەسىپ ئوخشاش خىلدىكى ئىنگلىز تىلىنىڭ بىرنەچچە ياماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مېنىڭ تولۇق تەرجىمە قىلمىغانلىقىمنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۈملىنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى ئەسلى مەنىگە خېلى يېقىن ئەگىشىدۇ، «لېكىن ئوتتۇرىدا ھېچكىم يوق - رىقابەت، جەڭ، نان قاتارلىق كونكېرت مىساللار «رىقابەت پائالىيەتلىرىدىكى مۇۋەپقىيەت ياكى مەغلۇبىيەت» دېگەن مۇجمەل ئىبارىگە سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى مەن مۇھاكىمە قىلىۋاتقان تۆردىكى ھېچقانداق زامانىۋى يازغۇچى - «ھازىرقى زامان ھادىسىلىرىنى ئوبيېكتىپ باھالاش» قاتارلىق ئىبارىلەرنى ئىشلىتەلەيدىغان ئادەم

ئۆز پىكىرلىرىنى ھەرگىز مۇنداق ئېنىق ۋە تەپسىلىي شەكىلدە جەدۋەلگە چۈشۈرمەيدۇ. زامانىۋى نەسىرنىڭ پۈتۈن مايىللىقى كونكېرتلىقتىن يىراقلىشىشتۇر. ھازىر بۇ ئىككى جۈملىنى تېخىمۇ يېقىندىن تەھلىل قىلىپ باقايلى. بىرىنچىسىدە 49 سۆز بار، لېكىن پەقەت 60 بوغۇم بار، ۋە ئۇنىڭ بارلىق سۆزلىرى كۈندىلىك تۇرمۇش سۆزلىرىدۇر. ئىككىنچىسىدە 90 بوغۇملۇق 38 سۆز بار: ئۇنىڭ 18 سۆزى لاتىنچە يىلتىزىدىن، بىرى گرېكچىدىن كەلگەن. بىرىنچى جۈملىدە ئالتە يارقىن سۈرەت، ۋە پەقەت بىرلا مۈجمەل دېگۈدەك ئىبارە («ۋاقىت ۋە ئاتالغۇ») بار. ئىككىنچىسىدە بىرمۇ يېڭى، جەلپكار ئىبارە يوق، ئاندىن ئۇنىڭ 90 بوغۇم بولۇشىغا قارىماي، پەقەت بىرىنچىسىدە مەۋجۇت بولغان مەنىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلىنىلا بېرىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، زامانىۋى ئىنگلىز تىلىدا ئورۇن ئېلىۋاتقان دەل ئىككىنچى خىلدىكى جۈملىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق گۇمان يوق. مەن بوھتان چاپلىماقچى ئەمەس. بۇ خىلدىكى يېزىقچىلىق تېخى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس، ۋە ئەڭ ناچار يېزىلغان بەتلەردىمۇ ئۇ يەر-بۇ يەردە ئاددىيلىقنىڭ ئۇتتۇرىغا چىقىشى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئەگەر سىزگە ياكى ماڭا ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنىڭ ئېنىقسىزلىقى توغرىسىدا بىرنەچچە قۇر يېزىش بۇيرۇلسا، بىز بەلكىم ۋەز-نەسىھەت كىتابىدىكى جۈملىدىن كۆرە، مېنىڭ خىيالىي جۈملەمگە تېخىمۇ يېقىنلاشقان بولاتتۇق.

مەن كۆرسىتىشكە تىرىشقاندەك، زامانىۋى يېزىقچىلىقنىڭ ئەڭ ناچار ھالىتى مەنىسى ئۈچۈن سۆزلەرنى تاللاپ چىقىش ۋە مەنىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىش ئۈچۈن سۈرەتلەرنى ئويۇپ چىقىشتىن تەركىب تاپمايدۇ. ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان تەرتىپكە سېلىنغان ئۇزۇن سۆز تىزمىسىنى بىر-بىرىگە چاپلاشتۇرۇش ۋە نەتىجىنى پۈتۈنلەي سازايى قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل يېزىقچىلىقنىڭ جەلپكارلىقى شۇكى، ئۇ ئاسان. مەسىلەن، «مېنىڭچە ئاقلانغىلى بولىدىغان بىر پەرەز» دېگەندىن كۆرە «مەن ئويلايمەنكى» دېگەننى ئېيتىش ئاسان - بىر قېتىم ئادەتلىنىپلا قالسىڭىز تېخىمۇ تېز. ئەگەر تەييار ئىبارىلەردىكى سۆزلەرنى ئىشلەتسىڭىز، سۆز ئىزدەپ ئاۋارە بولمايلا قالماستىن، يەنە جۈملىلىرىڭىزنىڭ رىتمى بىلەنمۇ ئاۋارە بولمايسىز، چۈنكى بۇ ئىبارىلەر ئادەتتە ئازدۇر-كۆپتۇر قۇلاققا يېقىشلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. تېزلىكتە يازغاندا (مەسىلەن، كاتىپقا بىر تېكىستنى يازدۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇپ بەرگەندە ياكى ئاممىۋى نۇتۇق سۆزلىگەندە)

دەبدەبىلىك ھەم لاتىنچىلاشتۇرۇلغان بىر ئۇسلۇبقا چۈشۈپ قېلىش تەبىئىي ئەھۋال. « ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك بولغان بىر ئويلىنىش» ياكى «ھەممىمىز خۇشاللىق بىلەن قوشۇلىدىغان بىر خۇلاسە» قاتارلىق ئىبارىلەر نۇرغۇن جۈملىنىڭ يېقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كونىراپ كەتكەن مېتافورا، ئوخشىتىش ۋە ئىبارىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، بىلدۈرمەكچى بولغان مەنىڭىزنى مەيلى ئوقۇرمىنىڭىز ياكى ئۆزىڭىز ئۈچۈن بولسۇن مەنىسىز قالدۇرۇش بەدىلىگە، نۇرغۇن زېھنىي كۈچنى تېجەپ قالىسىز. ئارىلاشما مېتافورلارنىڭ ئەھمىيىتى دەل مۇشۇنداق. مېتافورنىڭ بىردىنبىر مەقسەتلىرىنىڭ بىرى بىر سۈرەتنى پەيدا قىلىشتۇر. بۇ سۈرەتلەر «فاشىستلار سەككىز ئاياغلىق ئوكتوپىس ناخشىسىنى ئېيتتى، ئۇزۇن ئۆتۈكلەر ئوتقا (پېچقا) تاشلاندى» دەپ ئېيتىلغاندەك ئۆزئارا توقۇنۇشقىنىدا - يازغۇچىنىڭ ئۆزى دەۋاتقان نەرسىنىڭ تەسۋىرىنى كۆرەلمىگىنىگە، باشقىچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ئويلانماۋاتقانلىقىغا جەزم قىلىشقا بولىدۇ. باشتا بەرگەن مىساللىرىمغا يەنە بىر قېتىم قاراپ بېقىڭ. پروفەسور لاسكى 53 سۆزدە بەش دانە ئىنكار قىلىش سۆزىنى ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ بىرى ئارتۇقچە بولۇپ، پۈتۈن تېكستنى مەنىسىز قىلىپ قويغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە «akin» (ئوخشاش) نىڭ ئورنىغا «alien» (يات) دېگەن خاتالىق كەتكەن بولۇپ، بۇ مەنىنى تېخىمۇ مەنىسىز قىلغان، شۇنىڭدەك بۇ خىل قالايمىقانچىلىقنى كۈچەيتىدىغان مۈجمەللىكلەر بار، ئەسلىدە ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. پروفەسور ھوگبېن بەزى تەۋسىيەلەرنى بېرىدۇ، ئۇ «چىداپ تۇرماق» دېگەن ئىبارىنى ياقتۇرمىغان بولسا كېرەك، شۇڭا «غەزەپلىك» (egregious) دېگەن سۆزنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى خالىمىغان. ئەگەر ئۇنىڭغا قوپال پوزىتسىيەدە بولساق بۇمۇ بەك مەنىسىز: ئۇ تىلغا ئېلىنغان ماقالىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆزلەنگەن مەنىسىنى تېپىپ چىقىش مۇمكىن. تۆتىنچى مىسالدا، يازغۇچى ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئازدۇر-كۆپتۇر بىلگەن، لېكىن كونىراپ كەتكەن ئىبارىلەر خۇددى غازاڭلار سۇ چىقىش ئېغىزىنى توسۇۋالغاندەك ئۇنى بوغۇپ قويغان. بەشىنچى مىسالدا، سۆزلەر بىلەن مەنىنىڭ يوللىرى ئايرىلىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالغان. بۇنداق ئۇسلۇبتا يازىدىغان كىشىلەر ئادەتتە ئومۇمىي ھېسسىيات مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار بىر نەرسىنى ياقتۇرمايدۇ ۋە باشقا نەرسە بىلەن بىرلىكتە

ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى دېمەكچى بولغان نەرسىنىڭ تەپسىلاتلىرىغا قىزىقمايدۇ. ۋىجدانلىق بىر يازغۇچى، ئۆزى يازغان ھەر بىر جۈملىدە ئۆزىدىن كەم دېگەندە تۆۋەندىكى تۆت سوئالنى سورايدۇ: مەن نېمە دېمەكچىمەن؟ قايسى سۆزلەر ئۇنى ئىپادىلەيدۇ؟ قايسى سۈرەت ياكى ئىبارە ئۇنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىدۇ؟ بۇ سۈرەت تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە يېڭىمۇ؟ شۇنداقلا ئۇ ئۆزىدىن يەنە ئىككى سوئالنى سورىشى مۇمكىن: ئۇنى تېخىمۇ قىسقا قىلالارمەيدىمۇ؟ ساقلانغىلى بولىدىغان قاملاشمىغان بىرەر نەرسە دېدىمۇ؟ لېكىن سىز بۇنچە كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى تارتىشقا مەجبۇر ئەمەسسىز. سىز پەقەت كاللىڭىزنى ئېچىۋېتىپ، تەييار ئىبارىلەرنىڭ توپلىشىپ كىرىشىگە يول قويۇش ئارقىلىق بۇنىڭدىن قۇتۇلالايسىز. ئۇلار سىز ئۈچۈن جۈملىلىرىڭىزنى قۇرۇپ بېرىدۇ (مەلۇم دەرىجىدە ئويلىرىڭىزنىمۇ ئويلاپ بېرىدۇ)، ھەمدە ئېھتىياجلىق بولغاندا، دېمەكچى بولغىنىڭىزنى ھەتتا ئۆزىڭىزدىنمۇ قىسمەن يوشۇرۇشتەك مۇھىم مۇلازىمەتنى قىلىپ بېرىدۇ. سىياسەت بىلەن تىلنىڭ بۇلغىنىشى ئوتتۇرىدىكى ئالاھىدە باغلىنىش دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئېنىق بولىدۇ.

بۇ دەۋرىمىزدە سىياسىي يېزىقچىلىقنىڭ ناچار يېزىقچىلىق ئىكەنلىكى راست. ئەگەر بۇ راست بولمىسا، ئۇ ئادەتتە يازغۇچىنىڭ «پارتىيە يۈنىلىشى»نى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ شەخسىي پىكىرلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئىسيانكارلىق ئىكەنلىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئورتودوكسلىق (كونىلىقتا چىڭ تۇرۇش) جانسىز، تەقلىدىي بىر ئۇسلۇبنى تەلەپ قىلىدىغاندەك قىلىدۇ. باش ماقالە، بايانات، ئاق قەغەز ۋە مۇئاۋىن مىنىستىرلارنىڭ نۇتۇقلىرىدا ئۇچرايدىغان سىياسىي دىئالېكتلار پارتىيەلەرنىڭ مەيدانىغا بېقىپ ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يېڭى، يارقىن، ئۆزى ياسىغان بىرەر تىل ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلماسلىقى جەھەتتە ئوخشاشتۇر. كىشى سەھنىدىكى بىرەر چارچىغان يازغۇچىنىڭ «ۋەھشىي جىنايەتلەر»، «تۆمۈر تاپان»، «قانغا بويالغان زوراۋانلىق»، «دۇنيانىڭ ئەركىن خەلقلىرى»، «مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ تۇرۇش» قاتارلىق تونۇش ئىبارىلەرنى مېخانىك ھالدا تەكرارلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، دائىم بىر خىل قىزىقارلىق ھېسسىياتقا كېلىدۇ ـ يەنى سىز بىر تىرىك ئىنساننى ئەمەس، بەلكى بىر خىل لەقۋا ئادەمنى كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز: بۇ ھېسسىيات نۇرى

ناتىقنىڭ كۆزەيىنىكىگە چۈشۈپ، ئۇلارنى ئارقىسىدا كۆزى يوقتەك قۇرۇق دىسكىلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن دەقىقىلەردە تۇيۇقسىز كۆچىيىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي خىيالىي ئەمەس. بۇنداق ئىبارىلەرنى ئىشلىتىدىغان ناتىق ئۆزىنى ماشىنىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا مەلۇم دەرىجىدە مېڭىپ بولغان. لازىملىق ئاۋازلار ئۇنىڭ بوغۇزىدىن چىقىۋاتىدۇ، لېكىن ئەگەر ئۇ سۆزلەرنى ئۆزى ئۈچۈن تاللاۋاتقان بولسا ئىدى، مېڭىسى بۇنىڭغا قاتناشمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ قىلىۋاتقان نۇتۇق قايتا-قايتا قىلىشقا ئادەتلەنگەن نۇتۇق بولسا، ئۇ چېركاۋدا جاۋاب قايتۇرغانغا ئوخشاش، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئانچە سەزمەسلىكىمۇ مۇمكىن. بۇ ئاڭنىڭ تۆۋەنلىگەن ھالىتى(كەم بولسا بولمايدىغان بولمىسىمۇ) سىياسىي ماسلىشىشقا يەنىلا پايدىلىقتۇر.

بۇ دەۋرىمىزدە، سىياسىي نۇتۇق ۋە يېزىقچىلىق ئاساسلىقى ئاقلىغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى ئاقلاشتۇر. ھىندىستاندىكى بىرىتانىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ داۋاملىشىشى، روسىيەدىكى تازىلاشلار ۋە ياپونىيەگە ئاتوم بومبىسى تاشلاشلارنى راستىدىنلا ئاقلاشقا بولىدۇ، لېكىن پەقەت كۆپ ساندىكى كىشىلەر يۈزلىنىشتىن قورقىدىغان، ھەمدە سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ ئېلان قىلىنغان نىشانلىرىغا توغرا كەلمەيدىغان دەلىللەر بىلەنلا ئاقلىغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا سىياسىي تىل ئاساسلىقى سىلىق سۆزلەر، تۇيۇقسىز سوئاللار ۋە مۈجمەللىكلەردىن تەشكىل تېپىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مۇداپىئەسىز يېزىلار ھاۋادىن بومباردىمان قىلىنىدۇ، ئاھالىلەر يېزا-قىشلاقلارغا قوغلاپ چىقىرىلىدۇ، چارۋىلار پىلىموتلار بىلەن ئوققا تۇتۇلىدۇ، قوتانلار ئوت ياقىدىغان قوراللار بىلەن كۆيدۈرۈلىدۇ: بۇ تىنچلاندۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. مىليونلىغان دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ فېرمىلىرىدىن تالىنىپ، ئۆزلىرى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدىغان نەرسىلىرىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ھالدا يوللاردا سەرسان بولۇپ مېڭىشقا ئەۋەتىلىدۇ: بۇ نوپۇس كۆچۈرۈش ياكى چېگرا تۈزەش دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەر سوت قىلىنماستىن يىللارچە تۈرمىگە تاشلىنىدۇ، ياكى مەنىسىزلەرچە ئارقا مېڭىدىن ئېتىلىدۇ، ياكى قەدىم ئورمانلىقلاردا بەزگەك كېسىلىدىن ئۆلۈشكە ئەۋەتىلىدۇ: بۇ ئىشەنچسىز ئامىللار ۋاستىلىك يوقىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر كىشى بىرەر ئىشنى تەسەۋۋۇر قىلماستىن ئۇلارنى ئاتاشنى خالىسا، بۇنداق ئىبارىلەر زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن، سوۋېت سوتسىيالىزىمىنى ياقلايدىغان بىر ئىنگلىز پروفېسسورىنى ئويلاپ بېقىڭ. ئۇ ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا: «ئەگەر سىز

قاتتىق غەزەبلىنەلىسگىز، دۈشمەنلىرىگىزنى ئۆلتۈرەلەيسىز» دەپ ئېيتالمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ بەلكىم مۇنداق بىرەر نەرسە دەيدۇ:

ئىنسانپەرۋەرلەر ئەيىبلەشكە مايىل بولىدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى سوۋېت تۈزۈمى كۆرسىتىپ بېرىدۇ دەپ ئېتىراپ قىلغان ھالدا، سىياسىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھوقۇقىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە چەكلىنىشىنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىللەردىن قاچقىلى بولمايدىغان بىر ھەمراھى ئىكەنلىكىگە، ھەمدە روسىيە خەلقى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان قىيىنچىلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىغا قوشۇلىشىمىز كېرەك دەپ ئويلايمەن.

مەزمۇنسىز ئۇسلۇبنىڭ ئۆزى بىر خىل يۇمشاق سۆز ھېسابلىنىدۇ. بىر توپ لاتىنچە سۆزلەر چىرايلىق قاردەك دوملاپ پاكىتلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ، قىرغاقلىرىنى غۇۋالاشتۇرىدۇ ۋە بارلىق تەپسىلاتلارنى يوشۇرىدۇ. ئېنىق تىلنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى سەممىيەتسىزلىكتۇر. ئادەمنىڭ ھەقىقىي نىشانى بىلەن ئۆزى جاكارلىغان نىشانى ئوتتۇرىسىدا بىر پەرق بولغىنىدا، ئادەم خۇددى سىياھ چاچىدىغان ئاكۇستىك بېلىقىدەك، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇزۇن سۆزلەرگە ۋە ئۆلۈك ئىبارىلەرگە يۈزلىنىدۇ. بۇ دەۋرىمىزدە «سىياسەتتىن يىراق تۇرۇش» دېگەن نەرسە يوق. بارلىق مەسىلىلەر سىياسىي مەسىلىلەر بولۇپ، سىياسەتنىڭ ئۆزى يالغانچىلىق، قېچىشلار، ئەخمەقلىق، ئۆچمەنلىك ۋە ساراڭلىقتىن ئىبارەت. ئومۇمىي كەيپىيات ناچار بولغاندا، تىلمۇ زىيان تارتىدۇ. ئىنگلىز تىلى ئۆتكەن ئون ياكى ئون بەش يىل ئىچىدە گېرمان، روس ۋە ئىتالىيە تىللىرىنىڭ نەتىجىسىدە ناچارلاشتى دەپ ئويلايمەن، بۇ پەقەت دەلىللەشكە يېتەرلىك بىلىمىم بولمىغان بىر پەرەز.

لېكىن ئەگەر پىكىر تىلنى بۇزسا، تىلمۇ پىكىرنى بۇزالايدۇ. ناچار بىر قوللىنىش ئەنئەنە ۋە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق، ھەتتا بىلىشى كېرەك بولغان ۋە بىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقىلىشى مۇمكىن. مەن مۇھاكىمە قىلىۋاتقان بۇلغانغان تىل بەزى جەھەتلەردىن ناھايىتى قۇلايلىق. «ئىسپاتلىغىلى بولمايدىغان بىر پەرەز»، «نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ»، «ياخشى بىر مەقسەتكە خىزمەت قىلمايدۇ»، «بىز ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك بولغان بىر ئويلىنىش» قاتارلىق ئىبارىلەر كىشىنى توختىماي قىزىقتۇرىدىغان بىر قاپ

ئاسپرىنغا ئوخشايدۇ. بۇ ئەسەرنى قايتا بىر قۇر كۆرۈپ چىقىڭ، شۇنىڭغا جەزم قىلالايسىزكى، مەن ئۆزۈم قارشى تۇرۇۋاتقان خاتالىقلارنى قايتا-قايتا سادىر قىلدىم. بۈگۈن ئەتىگەنلىك خەت-ئالاقە ئارقىلىق گېرمانىيەدىكى ئەھۋاللار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ۋاراقنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئاپتور ماڭا ئۇنى يېزىشقا «مەجبۇر بولغىنىنى» ئېيتىپتۇ. مەن ئۇنى مۇنداقلا ئاچتىم، بۇ يەردە مەن كۆرگەن تۇنجى جۈملە بار: «ئىتتىپاقداشلارنىڭ... مەقسەتكە ئېرىشىش پۇرسىتى بار. گېرمانىيەنىڭ ئۆزىدە مىللەتچى ئىنكاستىن ساقلىنىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەمكارلاشقان ۋە بىرلەشكەن بىر ياۋروپانىڭ ئاساسلىرىنى سالىدىغان ئۇسۇلدا گېرمانىيەنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قۇرۇلمىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش...» كۆرۈپ تۇرغىنىڭىزدەك، ئۇ «يېزىشقا مەجبۇر بولغىنىنى ھېس قىلدۇ» - پەرەز قىلىشىمىزچە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېيتىدىغان بىرەر يېڭى سۆزى باردەك ھېس قىلدۇ - كالىلىنىڭ تەييار ئىبارىلەر تەرىپىدىن بۇ خىل بېسۋېلىنىشىنىڭ (ئاساس سېلىش، تۈپ ئۆزگەرتىشكە ئېرىشىش) ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى دائىم ھوشيار بولۇش كېرەك. بۇنداق ئىبارىلەر مېڭىنىڭ بىر قىسمىنى ئېشلىمەس قىلىپ قويىدۇ.

مەن ئىلگىرى تىلىمىزنىڭ خارابلىششىنى بەلكىم داۋالىغىلى بولىدۇ دەپ ئېيتقان ئىدىم. بۇنى رەت قىلىدىغانلار، ئەگەر ئۇلار بىرەر دەلىل ئوتتۇرىغا قويسا، تىلنىڭ پەقەت مەۋجۇت ئىجتىمائىي شارائىتلارنىلا ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى، بىزنىڭ سۆز ۋە تىل قۇرۇلۇشلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغان بولاتتى. بىر تىلنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى ياكى روھىغىمۇ كۆڭۈل بۆلسەك، بۇ راست بولۇشى مۇمكىن، لېكىن تەپسىلاتلىرىدا ئۇنداق ئەمەس. ئەخمەق سۆز-ئىبارىلەر كۆپىنچە ھالدا تەدرىجىي تەرەققىيات ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتى نەتىجىسىدە يوقاپ كەتكەن. يېقىنقى ئىككى مىسال «ھەر بىر يولنى تەكشۈرمەك» ۋە «ھېچقانداق تاشنى قالدۇرماسلىق» بولۇپ، ئۇلار بىر نەچچە ژۇرنالىستنىڭ مەسخىرىسى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. يېتەرلىك كىشىلەر بۇ ئىشقا قىزىقسا، شۇنىڭغا ئوخشاش قۇرت يېگەن كونىراپ كەتكەن مېتافورلارنىڭ ئۇزۇن بىر تىزىملىكىدىن قۇتۇلغىلى بولاتتى؛ not un- ياساش ئۇسۇلىنى مەسخىرە قىلىپ ئۆلتۈرۈش، ئوتتۇرىچە جۈملىدىكى لاتىنچە ۋە گرېكچە سۆزلەرنىڭ سانىنى ئازايتىش، چەت

ئەل ئىبارىلىرىنى ۋە خاتا كىرىپ قالغان ئىلىم-پەن سۆزلىرىنى تازىلاش، ئومۇمىي جەھەتتىن تىلنى دەبدەبىلىك مودا بولمىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش كېرەك. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك نۇقتىلار. ئىنگلىز تىلىنى قوغداش بۇنىڭدىن كۆپ ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئالدى بىلەن ئىشنى ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتىن كۆرە، نېمىنى كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتىن باشلىغان ئەڭ ياخشى بولىسا كېرەك.

دەسلەپتە، ئۇنى كونىلىقتىن، ئىشلىتىشتىن قالغان سۆزلەر ۋە تىل بۇزۇلۇشلىرىدىن قۇتقۇزۇش كېرەك، بۇنىڭ ھېچقاچان ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان «ئۆلچەملىك ئىنگلىز تىلى» نى تىكلەش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى يوقاتقان ھەر بىر سۆز ياكى ئىبارىنى تاشلىۋېتىش بىلەن ئالاھىدە مەشغۇل بولىدۇ. ئۇ ئۆز مەنىسىنى ئېنىق قىلىپ كۆرسەتسىلا ئۇنچە مۇھىم بولمىغان توغرا گراماتىكا ۋە سىنتاكسىس، ئامېرىكىچە سۆزلەردىن ساقلىنىش، ياكى «ياخشى نەسىر ئۇسلۇبى» دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىگە ئىگە بولۇش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ساختا ئاددىيلىق ۋە ئىنگلىزچىنى كىتابىي تىلدا سۆزلەش ئۇرۇنۇشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانمايدۇ. ئۇ ھەر بىر ئەھۋالدا ساكسونچە سۆزنى لاتىنچە سۆزدىن ئەلا كۆرۈشنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ، گەرچە ئۇ مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ ئاز ۋە ئەڭ قىسقا سۆزلەردىن پايدىلىنىشنى تەقەززا قىلىسىمۇ. ھەممىدىن بەكرەك كېرەك بولىدىغان نەرسە مەنىنىڭ سۆزنى تاللىشىغا يول قويۇشتۇر، ئەكسىچە بولماسلىقى كېرەك. ئەسەردە، سۆزلەر بىلەن قىلىدىغان ئەڭ ناچار ئىش ئۇلارغا تەسلىم بولۇشتۇر. سىز بىر كونكېرت ئوبيېكتنى ئويلىغىنىڭىزدا، سۆزلىمەي تۇرۇپ ئويلىنىسىز، ئاندىن، ئەگەر سىز تەسەۋۋۇر قىلغان نەرسىنى تەسۋىرلەشنى خالىسىڭىز، بەلكىم ئۇنىڭغا ئەڭ ماس كېلىدىغان دەل سۆزلەرنى تاپقۇچە ئىزدىنىسىز. سىز بىرەر ئابستراكت نەرسىنى ئويلىغىنىڭىزدا، باشتىلا ئابستراكت سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە تېخىمۇ مايىل بولىسىز، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى توختىتىش ئۈچۈن ئاڭلىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسىڭىز، مەۋجۇت دىئالېكت ئېقىپ كېلىپ سىز ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلىپ بېرىدۇ، بۇ مەنىڭىزنى غۇۋالاشتۇرۇش ھەتتا ئۆزگەرتىۋېتىش بەدىلىگە مەيدانغا كېلىدۇ.

مەنىنى بالدۇرلا سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشتىن كۆرە، سۈرەتلەر ياكى تۇيغۇلار ئارقىلىق ئىمكانقەدەر ئېنىقلاشتۇرۇۋالغان تېخىمۇ ياخشى بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن ئادەم پەقەتلا قوبۇل قىلىپلا قويماستىن، بەلكى مەنىنى ئەڭ ياخشى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئىبارىلەرنى ئۆزى تاللىيالايدۇ؛ ئاندىن يەنە ئۆزگىچە بىر بۇرۇلۇش ياساپ، ئۆز سۆزلىرىنىڭ باشقىلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغىمۇ جەزم قىلالايدۇ. بۇ تىرىشچانلىق كونىراپ كەتكەن ياكى ئارىلىشىپ كەتكەن تەسەۋۋۇرلارنى، ئالدىن ياسالغان ئىبارىلەرنى، ئارتۇقچە تەكرارلارنى، شۇنداقلا ساختا ۋە مۇجمەللىكلەرنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلايدۇ. لېكىن ئادەم دائىم بىرەر سۆز ياكى ئىبارىنىڭ تەسىرىگە نىسبەتەن گۇماندا بولۇشى مۇمكىن، شۇڭلاشقا ئۆز تۇيغۇسى ئاجىزلىغاندا تايىنىشقا بولىدىغان بەزى قائىدىلەرگە ئېھتىياج سەزگۈسى پەيدا بولىدۇ. مېنىڭچە تۆۋەندىكى قائىدىلەر كۆپىنچە ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

i. نەشر قىلىنغان ئەسەرلەردە كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ھەرقانداق مېتافورا، ئوخشىتىش ياكى باشقا تەسۋىري شەكىللەرنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ.

ii. قىسقا سۆز بىلەن مەقسەتنى بىلدۈرگىلى بولىدىغان يەردە، ھەرگىز ئۇزۇن سۆزنى ئىشلەتمەڭ.

iii. بىرەر سۆزنى چىقىرىۋېتىش مۇمكىن بولسىلا چىقىرىۋېتىڭ.

iv. ئاكتىپ شەكىلنى ئىشلىتىش مۇمكىن بولغان يەردە، مەجھۇل شەكىلنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ.

v. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆلچەملىك تىلدىن ماس كېلىدىغان تەڭداش سۆزنى تاپقىلى بولسىلا، ھېچقانداق چەت ئەلچە سۆزنى، پەننىي سۆزنى ياكى كوچا سۆزلىرىنى ئىشلەتمەڭ.

vi. رەھىمسىز ياكى ۋەھشىي بىرەر گەپنى قىلىپ قويغاندىن كۆرە، بۇ قائىدىلەرنىڭ خالىغان بىرىنى بۇزۇۋېتىڭ.

بۇ قائىدىلەر ئاددىيدەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن ئۇلار ھازىر مودا بولغان ئۇسلۇبتا يېزىشقا ئادەتلەنگەن ھەرقانداق ئادەمدىن كەسكىن ئۆزگىرىش ياساشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەم بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلسىمۇ يەنىلا ناچار ئىنگلىز

تىلىدا يېزىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ماقالىنىڭ بېشىدا مەن نەقىل كەلتۈرگەن بەش نەمۇنىدىكىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ھەرگىز يېزىپ سالمايدۇ.

مەن بۇ يەردە ئەدەبىي تىلنى پىكىرنى يوشۇرىدىغان ياكى توسۇپ قالىدىغان ئەمەس، بەلكى پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان بىر قورال دەپ تەرىپلەيمەن.

ستۇارت چېيس[69] ۋە باشقىلار بارلىق ئابستراكت سۆزلەرنىڭ مەنىسى يوق دەپ قاراشقا ئاز قالغان ھەمدە بۇنى بىر خىل سىياسىي جىمجىتلىقنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن باھانە قىلىپ ئىشلەتكەن. سىز فاشىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشى قانداق كۆرەش قىلالايسىز؟ كىشى بۇنداق مەنىسىز نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئەمەس، لېكىن نۆۋەتتىكى سىياسىي قالايمىقانچىلىقنىڭ تىلنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، ئىشنى تىلدىن باشلاپ تۈزەشنىڭ بەلكىم بەزى ياخشىلىنىشلاردىن دېرەك بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. ئەگەر سىز ئىنگلىز تىلىڭىزنى ئاددىيلاشتۇرسىڭىز، ئورتودوكسلىقنىڭ ئەڭ ناچار ئەخمەقلىقلىرىدىن قۇتۇلىسىز. سىز زۆرۈر دىئالېكتلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ كېتەلمەيسىز، ئەگەر سىز بىر نەرسىنى ئەخمەقلەرچە بايان قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ئەخمەقلىقى ھەتتا ئۆزىڭىزگىمۇ ئېنىق بولۇپ قالىدۇ. سىياسىي تىل (بارلىق سىياسىي پارتىيەلەر، كوپسېرۋاتىپلاردىن ھۆكۈمەتسىزلىك تەرەپدارلىرىغا قەدەر ھەممىسى بۇ تىلنى قوللىنىدۇ) يالغانلارنى راست، قەتلە قىلىشنى ۋاجىپ قىلىپ كۆرسىتىش ۋە بىر ئېقىمغا شەكىل بېرىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. بۇنى بىر دەقىقىدە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، لېكىن ئادەم ئۆز ئادىتىنى ئاز بولسىمۇ ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئەگەر ئۇ بەزى كونا ۋە پايدىسىز ئىبارىلەرنى ( ئۇزۇن ئۆتۈك، ئاخىللېسنىڭ پۇتى[70] ، قىزىق نۇقتا،

[69]ستۇارت چېيس: ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس.

[70] «ئاخىللېسنىڭ پۇتى» (Achilles' heel) — مەجازىي مەنىدە بىرەر كۈچلۈك، قۇدرەتلىك ئادەم، تەشكىلات، سىستېما ياكى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئاجىز، ئاسان زەربە يەيدىغان، كىچىككىنە بىر نەرسە بىلەنمۇ مەغلۇب بولۇپ كېتىدىغان ئورنى ياكى تەرىپىنى كۆرسىتىدىغان داڭلىق ئىبارىدۇر. بۇ ئىبارىنىڭ كېلىپ چىقىشى قەدىمكى گرېك (يۇنان) مىفولوگىيەسىگە (ئېپوسلىرىغا) تۇتاشىدۇ: ئاخىللېس (Achilles): گرېك رىۋايەتلىرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە باتۇر قەھرىمانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ترويا ئۇرۇشىنىڭ باش قەھرىمانىدۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاخىللېس تۇغۇلغاندا ئانىسى ـ دېڭىز ئىلاھەسى تېتىس (Thetis) ئۇنى ئۆلمەس ۋە قىلىچ ئۆتمەس قىلىش ئۈچۈن، سېھرىي كۈچكە ئىگە «ستىكس» (Styx) دەرياسىنىڭ سۈيىگە چۆمۈلدۈرىدۇ. لېكىن ئانىسى ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان پۇتىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىن تۇتۇۋالغاچقا،

ئېرىتىش قازىنى، كىسلاتا سىنىقى، ھەقىقىي جەھەننەم ياكى باشقا سۆز ئەخلەتلىرىنى) قاتتىق مەسخىرە قىلىپ تۇرسا، ئۇلارنى ئۆزىگە تېگىشلىك ئەخلەت ساندۇقىغا يوللىۋېتەلەيدۇ.

دەريا سۈيى شۇ ئورۇنغا تەگمەي قالىدۇ. نەتىجىدە، ئاخىللېسنىڭ پۇتىنىڭ شۇ قىسمى ئۇنىڭ بىردىنبىر ئاجىز نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. كېيىن تىرويا ئۇرۇشىدا ئاخىللېس دۈشمىنى ئاتقان زەھەرلىك ئوقنىڭ دەل شۇ پۇتىغا تېگىشى نەتىجىسىدە قازا قىلىدۇ.